



مۇختار مەخسۇت

# تەنھا قېيىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

责任编辑：啊吉．库图鲁克．卡德尔

封面设计：艾克拜尔．萨里



ISBN 7-228-05631-0

I.2028（民文）定价：8.50元

ISBN 7-228-05631-0

9 787228 056316 >



# تەنھا قېيىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

孤舟:维吾尔文/穆合塔尔·买合苏提著,— 乌鲁木齐
新疆人民出版社,2000.2
ISBN 7—228—05631—0

Ⅰ.孤… Ⅱ.穆… Ⅲ.诗歌—中国—当代—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.1227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 01386 号

孤　舟(维吾尔文)

穆合塔尔·买合苏提著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 工 人 时 报 印 刷 厂 印 刷
787×1092 毫米　32 开本　5.75 印张
2000 年 1 月第 1 版　　2000 年 1 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—05631—0/1·2082　定价:8.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھاجى قۇتلۇق قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# تەنھا قېيىق

(شېئىرلار)

ئاپتورى: مۇختار مەخسۇت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ،№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 ×787 مم، 1/32. باسما تاۋىقى: 5.75
2000 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—05631—0/1 · 2082
باھاسى: 8.50 يۈەن

# ئاپتوردىن

قاچاندۇر بىر چاغلاردا ساددا، غەرەزسىز ۋە تولىمۇ مەسۇم تۇيغۇلار بىلەن شېئىرغا ئىشتىياق باغلاپ قالدىم.

ئازغىنا كەم ئىككى مۇچەل بۇ كوچىدا ئۆمىلەپ، تەمتىلەپ، يىقىلىپ - قوپۇپ ۋە يۈگرەپ، گاھىدا كۆز ئالدىمدىلا جىلۋىلىنىدىغان، گاھىدا ئۇپۇقتەك يىراق ھەم مەۋھۇم كۆرۈنىدىغان بىر مەنزىلگە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىنتىلدىم. يازغانلىرىمنىڭ قانچىلىكىنىڭ شېئىرغا ئوخشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇنى كىتابخانلارنىڭ قەلبىدىن سوراش كېرەك.

شېئىر شائىرنىڭ قەلب قەپەسلىرىنى يىرتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ تەبىئەتكە، ئىنسانىيەتكە بولغان ساپ مۇھەببىتى، ھاياتقا بولغان سۆيگۈسى، ھەقىقەتكە، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى، يورۇقلۇققا بولغان تىۋىنىشى، قاراڭغۇلۇققا، رەزىللىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە بولغان ئازابلىق تولغىنىشىدەك تىنىمسىز ھېسسىياتلىرى ھەم ساماۋى تەساۋۋۇرلىرى بىلەن قاناتلىنىپ، مەنالارغا تويۇندۇرۇلغان نەپىس تىل شەكىللىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنى سەنئەت بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغان كىتابخانلارنىڭ قەلبىدىن ئوقۇيمىز.

شېئىر - ئىلاھ، شېئىر - ئېزىتقۇ، ئۇ، پىكىر، تەپەككۇرگە خۇشتار قەلبلەرنى شېرىن ئازاب ۋە ئاچچىق ياشلار ئۈستىدە لىغىرلاپ تۇرىدىغان خۇشاللىق بىلەن تارتۇۋ-

لايدۇ. شۇڭا مەن شېئىرىيەت كوچىسىنىڭ ئويمانلىرىدا، چۆل - جەزىرىلىرىدە ھەسرەت يۇتۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىمدىمۇ ئۆكۈنمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ سىماسىنى كىچىك چوققىلارنىڭ ئۈستىدە غىل - پال كۆرۈپ شاتلانغان دەقىقىلىرىمدىمۇ گاڭگىراپ قالمايمەن.

شېئىر مەن ئۈچۈن بىر خىل پاك ئەقىدە. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى، ئۇ مېنىڭ بارلىق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش شەكلىم.

مەن ھەر قانداق ئىزىم ۋە ئېقىملارغا چوقۇنمايمەن، شېئىر مېنى ئۇزلۇكسىز بايقايدۇ، مېنى چېقىپ پارە - پارە قىلىدۇ، يەنە قايتىدىن يارىتىدۇ. مەنمۇ شېئىرنى ئۇزلۇكسىز بايقايمەن، ئۇنى چاقىمەن ۋە قايتىدىن يارىتىمەن.

كىتابخانلار مېنىڭ يارىماس شېئىرلىرىمنى قوغلاپ كېلىپ باش - كۆزلىرىنى قانغا بويايدۇ. مەن يارقىن بىر گۈزەللىككە، نامەلۇم بىر تاكامۇللۇققا قاراپ ئۇزلۇكسىز ئىنتىلىمەن. شېئىر ئىلاھى ھامان مېنى قىزغىنلىق بىلەن سۆيىدۇ. مەن شېئىرىم بىلەن ئىنسانلارنى سۆيىمەن!

# مۇندەرىجە

## ئۇلۇغ تىگىرقاش


تەنھا قېيىق .................................... 2
ئوتتۇز ئىككى يېشىم .................................... 3
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا .................................... 5
دېڭىز .................................... 8
خىيال، شامال ۋە تاش .................................... 10
ئۈرۈمچى ۋاقتى .................................... 11
تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش .................................... 12
ئاھ، بوستان قاراۋۇلى .................................... 15
مۇشكۇل سەپەر .................................... 18
مەڭگۈلۈك ۋىسال .................................... 21
تاش ئابىدە .................................... 22
يۇلغۇن .................................... 23
سايەم .................................... 24
باھار .................................... 25
يېشىل گىيا .................................... 27
تىگىرقىغان مىسرالار .................................... 29


## سۇنغان چاقماقلار


سەۋدالىق ئەسلىمىلىرى .................................... 34
شۇندىن بېرى .................................... 40
بەلكىم .................................... 42

قاپ ـ قارا قوي كۆز ........................ 43
بۇ ئاخشام........................................ 44
كاككۇك ........................................ 46
قىيانى قۇچاقلاپ ئاققاندا سۇلار .................... 49
كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار .................... 50
يامغۇر .......................................... 51
بىر ............................................ 52
سۆيگۈ يولىدا ................................... 53
سېنى كۈتۈپ .................................... 54
كۆزلەر .......................................... 56

## ھايات قىسمەتلىرى

دوستلىرىم ...................................... 58
كۆز ............................................ 60
تىلىكىم ........................................ 62
يىگىت بولساڭ .................................. 63
قويىۋەت مېنى ................................... 64
ھايات يولىدا.................................... 65
شارقىرايدۇ يامغۇر تىنىمسىز ..................... 67
سېخى ئەينەك .................................. 69
يىراق بولسۇن مىننەتتىن ئالەم .................. 71
ھايات .......................................... 73
چۈشلىرىم...................................... 75
يىقىلماس ئابىدىلەر ............................ 77

# رەڭدار تۇيغۇلار


ۋەتەن ئىشقى ........ 86

مېنىڭ يارىم ........ 87

تۇيۇقلار ........ 90

سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراق ........ 91

مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن ........ 95

پەخرىم ........ 99

دەريادىن چۇقان ........ 101

سەھرا يولى ........ 103

قەدىناس شەھرىم ........ 106

تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق ........ 109

دەريا ۋە دېڭىز ........ 111

كۆك دېڭىز ........ 112

قۇملۇق ۋە دېڭىز ........ 114

قۇلۇلىنىڭ ئىقرارى ........ 116

ئىلىپ كەت ناخشامنى دېڭىز شامىلى ........ 117

دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە ........ 119

يول چىرىقى ........ 121

ھايات ........ 123

مۇقام ........ 125

ۋاپادارلىق ........ 127

مەن بولاق بوپ قايىندىم، بىراق ........ 129

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قوياشى ........ 131

قوياشقا ئەڭ يېقىن جاي ........ 134

## بالىلار قەلبى


تاغ سەيلىسى ..........................................
ياغقىن قار ..........................................
قوشماق ئاداش بولدۇق بىز ..........................................
ئۇ نېمە؟ ..........................................
تات، تات، تات ..........................................
مەردلىك قىسسىسى ..........................................

# ئۇلۇغ تېڭىرقاش



# تەنها قېيىق

ساھىلىدا تۇرىدۇ تەنها بىر قېيىق،
داتلاشقان قوزۇقتا باغلاقلىق مەھكەم.
ئۇ بۇنداق تاشلىنىپ ياتقىلى نىكەم،
ئاستىدا لاتقىلار بوغىدۇ دېمىق.

يىراقتا، زەڭگەر رەڭ دېڭىز يۈزىدە
يەلكەنلىك كېمىلەر سويلايدۇ ئەركىن.
يىگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن،
ئۆكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە.

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە،
يېتەكلەپ بارغىلى ئۇنى دېڭىزغا.
نە ئامال بىچارە بۇ «تۇتقۇن قىز» غا،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە.
كېمىلەر ئۇپۇقتا كەتتى يىراقلاپ،
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ.

1988 ـ يىل ئۈرۈمچى

# ئوتتۇز ئىككى يېشىم

توسۇن ئاتنىڭ تۇياقلىرىدا
تاشلاردىن ئوت چاقناتقان يېشىم.
چايكىلارنىڭ قاناتلىرىدا
ئاپئاق بۇژغۇن چاچراتقان يېشىم.

چىن تۆمۈر ھەم سادىر پالۋاننىڭ
نەپەسلىرى قوشۇلغان يېشىم.
قوشاقلىرى قىيا يۈزىگە
كۈمۈش تەردە توقۇلغان يېشىم.

يول - يوللارغا ياققان گۈلخېنىم
ئۆچكىنى يوق، ئەمدى ئۇ قوقاس.
بۈركۈتلىرىم يۈرەر قىيىغىتىپ،
تاغدىكىدەك سالمايدۇ قىقاس.

ئېگىلىپتۇ ئۆمۈر شاخلىرىم
يۇلتۇزلارنى ئېسىپ بوينىغا.
زەر يالىغان ياپراقلىرىمنى
يەر تېۋىنىپ چىللار قوينىغا.

يوللىرىمغا باقسام قايرىلىپ،
تالاي چۈشۈم ياتىدۇ ئۆلۈك.
سوۋغا قىلىپ رەشىلەسىنى
ئۇ دوقمۇشتا كۈتەر ئۆمۈچۈك.

ئەنە ياز ھەم، كۈز ئارىسىدا
ئاقۇش مانان ياتار يېيىلىپ.
قېچىپ كېتەر يېڭى چۈشلىرىم،
ئوينىغىلى تېخى سۈت ئېمىپ...

1989 - يىل ماي ئۈرۈمچى

## ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا

چۆچەكلەردەك خىيال سۈرەتتىم،
ئايانغۇ بۇ سەبىلىك ساڭا.
ئاپئاق ھېسلار بولسۇن جىلۋىگەر،
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا.

سىزاي ئاۋال زەڭگەر ئاسماننى،
پەرۋاز قىلسۇن ئۇندا ئاق كەپتەر.
چىمەنلەردىن قىزىل گۈل چىشلەپ
ئۇچۇپ بارسۇن ئورمانغا قەدەر.

سىزاي سۈزۈك تىنىق تاڭلارنى،
ياپراقلاردا ئۈينىسۇن قەترە.
سۈمۈرسۇن يەر ئاچچىق چاڭلارنى،
ھەر بىر چېچەك پۈركۈسۇن ئەترە.

سىزاي ئانا، شۇنداق باھارنى،
تاشلاردىنمۇ تۇغۇلسۇن رەيھان.
چېكىنسىگە قىسقاندا چۆللەر،
سۆيسۇن ئۇنى ئېگىشىپ ئاسمان.

سىزاي كۆزنى، ئۇندا قۇياشنىڭ
ناخشا بولسۇن پىچىرلاشلىرى.
ھاپاش قىلسۇن ئالتۇن چەشلەرنى،
ھارۋىلارنىڭ غىچىرلاشلىرى.

سىزاي جىمجىت تەكلىماكاننى،
چۆشلىرىمنى كەشتىلەپ ئاڭا.
يۇلغۇنلارنى ئۆپكەندە قۇياش،
لەۋلىرىدە يانسۇن ئوت ـ لاۋا.

سىزاي تارىم ئۆركەشلىرىنى،
ئەقىدەمنىڭ شاھىدى بىلىپ.
ئۇزۇلدى دەپ چەكمىگىن ھەسرەت،
قۇملۇقلارغا ئۇ كەتسە سىڭىپ.

ئاق چېچىڭغا رەڭ بىرەي ئانا،
سىيا قىلىپ ئېزىپ مەن تۈننى.
ئاق ئالمىدەك سۈزۈلسۇن كېچە،
باغاشلىسۇن يوللىرىڭ كۈننى.

ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا،
سىزاي ئەركىن، ئاپئاق كەپتەرنى.
قانىتىدا يەلپۈپ دىللارنى،
ئۈچۈرسۇن ئۇ بارچە دەرتلەرنى.

سىزاي شۇندا يارنىڭ كۆزىنى،
ئۇيۇپ قالسۇن ئۇندا شوخ كۈلكە.
سۇيۇشلەردىن رەڭلەنگەن لەۋلەر،
شەپەق بولۇپ يېيىلسۇن كۆككە.

*　*

چۆچەكلەردەك خىيال سۈرەتتىم،
ئايانغۇ بۇ سەبىلىك ساڭا.
تەبىئەتكە كۆچسۇن چۇشۇمىز،
ئانا، رەڭدار قەلەم بەر ماڭا.

1989 ـ يىل ئاۋغۇست ئۈرۈمچى

# دېگىز

چاڭقاپ ياتقان جانسىز چۆللەرگە،
سوكوت تونى كىيگەن كۆللەرگە،
ناخشا كۆتۈپ قاتقان كۆزلەرگە،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

ئورمانلارنىڭ شىلدىرلىشىغا،
قۇچقاچلارنىڭ پىچىرلىشىغا،
ياپراقلارنىڭ تىپىرلىشىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

باياۋاننىڭ بۇلاقلىرىغا،
چوپانلارنىڭ قوشاقلىرىغا،
تولپارلارنىڭ تۇياقلىرىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى

كەپتەرلەرنىڭ قاناتلىرىغا،
قەدىم تۈگمەننىڭ پەرياتلىرىغا،
مىسكىن كۆينىڭ قات - قاتلىرىغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

يەر قۇچاقلاپ ياتقان تاشلارغا،
ئاق بولۇتلار تۆككەن ياشلارغا،
ئىكىنزارغا، چىمەن قاشلارغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

يىلان باغرى قىستالغۇ يوللارغا،
مۇگدەپ ياتقان مىسكىن قىرلارغا،
قەدەملەرگە، ئۈنسىز دىللارغا،
باشلاپ كەلسەم سادالىرىڭنى.

دېگىز، دېگىز، ئەي ئەركە دېگىز!
كائىناتنى كەزسۇن شامىلىڭ.
پەرۋاز قىلسۇن كۆكتە بۇلۇتتەك
ئاق بۇژغۇنلار بولۇپ رومالىڭ.

دېگىز، دېگىز، ئەي يېشىل دېگىز!
ناخشام سەندىن تىلەيدۇ سادا.
دولقۇنۇڭغا مىنىپ تاڭلاردا،
كەزسەم دەيمەن ئۇپۇقلار ئارا.

1989 ـ يىل ئۈرۈمچى

# خىيال، شامال ۋە تاش

چۈشلىرىم
شاماللارغا بولماقتا يەم،
قاپ ئىچىدە تۇگۇلۇپ روھىم
ئولتۇرىدۇ كۆزلىرىمدە نەم.
بىر ئۇچكىنى سىلىپ ئېغىزغا
تەكرار - تەكرار شورايمەن بۇ دەم
مەرۋايىتقا ئايلانسىكەن دەپ.
خىيال پەرىشتەم
بال سورايدۇ
قۇياش كۆكسىگە ئېسىلىپ مەھكەم،
قۇياش ئالتۇن قوللىرى بىلەن
پەرلىرىمنى ئۆتكەندە تاراپ،
ساقاللىرىم ئىچتى كۈمۈش مەي
چىشلىرىم
ئۇرۇق بولۇپ تۆكۈلدى يەرگە
قارا تاشقا ئايلاندى
قوۋۇزۇمدا قەدىناس ئۇچكەم.

1989 - يىل ئۆكتەبىر

# ئۈرۈمچى ۋاقتى

قوشنام داستىخان يېيىپ شەپەقتىن
ھوزۇرلىنىپ يېيىشمەكتە ئاش.
خورتوشۇيمەن چۇشلەردىن چۈشكە،
سۇنۇق ئاينى قىلغانچە ھاپاش.
رەنجىپتىمەن تېخى خورازدىن،
چىللىمىدىڭ دەپ.
خوراز ئېيتتى:
نە ئۈچۈن
جامالىنى كېچىكىپ دائىم
كۆرسىتىدۇ بىزگە شۇ قۇياش؟!

1989 ـ يىل ئۆكتەبىر

## تەكلىماكان ئۈستىدە قۇياش

چۈشلىرىمدىن تۇغۇلغان قۇياش
توختاپ قالدى
تەكلىماكان ئۈستىدە.
چارچىغانمۇ ئەمەس،
چاڭقىغانمۇ ئەمەس.
توستى ئۇنى
كۆزىگە قادىلىپ
ئەسىرلىك سۈكۈت.

تەكلىماكان
ياتار ئۇپۇققا باش قويۇپ،
كەم سۆز بوۋايدەك سۈكۈتتە جىمجىت.
ئويغىتالمىدى ئۇنى چاقماقلار،
ئويغىتالمىدى
بوران ئېلىپ كەلگەن قوشاقلار،
سىگىپ كەتتى تارىممۇ
شاۋقۇنىنى بېرىپ قۇملارغا
ئۇنسىز، تىۋىشسىز.

مانا

زۇمچەك - زۇمچەك بارخان ئاستىدا
كۆمۈلۈپ ياتار تالاي ئارمانلار.
يۇلغۇنلارنىڭ چېچەكلىرىدە
جۇلالىنار
تىلەكلەردىن ئۇخچىغان قانلار.
قېرى توغراق تۇۋىدىن
قويۇن بولۇپ ئۆرلەر پەلەككە
تۇنۇگۇنكى
سوۋۇپ كەتكەن گۈلخانلار.
چۈشلىرىمدىن تۇغۇلغان قۇياش
ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلىپ ئاڭا،
قانات قاقتى،
تۆكۈلۈپ چۈشتى پەرلىرى،
سىرغىپ چۈشتى ئالتۇن ياشلىرى،
چېچەكلەتكىلى
بۇندا گۈزەل رىۋايەتلەرنى،
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەپسانىلەرنى.
شۇنداق،
چېچەكلەيدۇ بۇندا رىۋايەت،
چېچەكلەيدۇ
ئاچچىق تەرگە قېنىققان قۇياش.
(تومۇر ۋمدۇر ئالتۇن تالاسى)
شۇڭغۇپ كىرىپ
تەكلىماكان تەكتىگە،
قۇچاقلاپ چىقار ئۇنىڭ ئۇستىگە

سەن كۆتكەن،
مەن كۆتكەن،
تەكتىدىكى ماكاننى –
يېپ يېڭى بىر دۇنيانى!

1988 – يىل



# ئاھ، بوستان قاراۋۇلى

تا ئەزەلدىن بويۇڭ پاكار،
ئۆسمىدىڭسەن،
ئۆسەلمىدىڭسەن.
(بەلكى ئۆسۈشنى خالىمىدىڭسەن)
چۈشەنگەنلەر
ساڭا ئوقۇشار تۇمەنمىڭ تەپسىن،
پاخ ـ پاق دېمەس،
ئەخمەق دېمەس،
چۈنكى بوستاننى تاللىمىدىڭسەن.
ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد
سۈرمەستىن زۇۋان،
باغلار چېتىدىن
قۇملۇق ئىچىدىن
تۇتتۇڭ سەن ماكان.
بوستانلارنى
بوران كېلىپ سوقمىسۇن، دەپ،
مېۋىلەرنى
قاراقچىدەك قاقمىسۇن، دەپ،
سېپىل تۈزەپ،
نەيزەڭنى بەتلەپ،

قاراۋۇلدا تۇردۇڭ سەن هامان.
تۇز ئىدىڭ سەن نوتا چېغىڭدا
(خۇددى كۆڭلۈڭدەك)
بىراق تۇز پېتى ئۆسەلمىدىڭسەن.
گويا تۇمەنمىڭ ئاچ - بۆرىلەردەك
بوران هۇلاپ كېلىپ تىنىمسىز،
ئەگدى بېلىڭنى،
ئېگىۋەتتى خۇددى كاماندەك.
ئېرىقلارمۇ
ئۆستەڭلەرمۇ
ئەگىپ كەتتى سېنىڭ ئالدىڭدىن،
چاڭقاقلىقتا قىيناپ دىلىڭنى
دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارمىغاندەك.
چوكانلارمۇ كېلىشتى
پالتا بىلەن چاناپ يۈزۈڭنى
تارام - تارام ياشلاپ كۆزۈڭنى
ئېلىپ كەتتى يىلىمىڭنى
ئەۋزەل كۆرۈپ خۇددى مارجاندەك.
ئاز بولدى،
بەكمۇ ئاز بولدى
تەبىئەتنىڭ
ئىنسانلارنىڭ ساڭا بەرگىنى،
بەلكى باشقىلاردەك
ئەتىۋارمۇ كۆرمىدى سېنى.
بىراق

ئالغىنىڭدىن بەرگىنىڭنىڭ كۆپلىكىگە
قايىسى ئەقىل ئېگىسى
كۆز يۇمسۇن قېنى! ؟
تانغاق موللام كۆز يۇمغىنىدەك.
شۇڭلاشقا
ھەر باھاردا گۈل ئاچقىنىڭدا
شامال ئېلىپ كېلەر ھىدىڭنى
يۇرايمىز ئۇنى
مۇشكى، ئەنبەر پۇرىغاندەك.
قۇياشمۇ
تولۇن ئايمۇ
مېھرى بىلەن سۆيەر سېنى
ئانا بوۋاقنى ھىدلىغاندەك.
شۇڭلاشقا
ياپراقلىرىڭ جۇلالايدۇ
كۆمۈش تەڭگىدەك،
مېۋىلىرىڭ كۆز چاقنىتار
يۇلتۇزلاردەك،
گويا ئالتۇن يۇلتۇزلاردەك.
ئاھ، بوستان قاراۋۇلى
سەن مېنىڭ قەلبىمدە
سەن
بەكمۇ
يىراقتا...
خىياللارنىڭ گىرۋەكلىرىدەك...

1986 ـ يىل

# مۇشكۇل سەپەر

قىسقىغىنا شۇ بىر كوچىدا
ئېغىر چامداپ ماڭدۇق بەك ئۇزاق.
يۇكلەر نامرات، پۇشۇلدار ئۆكۈز،
ئۆز ئورنىدا پىرقىرايدۇ چاق.

سەھرا، سەھرا، يەنە سەھرالار...
تىك بىنالار كۆزلەردىن يىراق.
چىلىق ئېتىلگەن رۇجەك ئىچىدە
يېقىنلاشساق ئۆچۈپتۇ چىراق.

مۇساپىنىڭ قاي بىر يېرىدە
ھالرەڭ چېچەك ئېچىلغان بىر ۋاق
چۇشۇرمىدۇق ئۇنى ئېغىزدىن
تەكرار، تەكرار توقىدۇق قوشاق.

بىز چوقۇنغان ئىلاھى ھەيكەل
ئاللىقاچان بوپ قالدى ئاۋاق.
قولىمىزدا تىترەر سىلكىنىپ
قامۇسلاردىن نەچچىلا ۋاراق.

قىسقىغىنا شۇ بىر كوچىدا
ئېغىر چامداپ ماڭدۇق بەك ئۇزاق.
ئىزىمىزنى يۇتقان قۇملۇقتا
پېشىمىزدىن تارتىدۇ قامقاق.

سۇس ئىزلارنى سۆيەر قەدەملەر،
مەنزىل ئۇچۇن يېمەستىن تولغاق.
ئانىمىزمۇ دەسسەپ شۇ ئىزنى،
كۆتەرگەنكەن بىزلەرگە قۇرساق.

ئوغۇز سۈتى سىڭگەن ھەم شۇنداق،
سايە قوغلاپ باسىمىز ئاياق.
مېۋە ئۈزۈپ كېتىدۇ بوران،
بىز قالىمىز تېرىپ يۇپۇرماق.

چەۋەندازلار ئۆتسە چاقماقتەك،
ۋەھىمىگە چۈشىمىز ھەر ۋاق.
بىر نەچچە رەت بۇزۇلدى ئۇيقۇ،
چۈشلەرگىمۇ چۈشتى كۆپ ئۇلاق.

نېمىسىدۇر كۆتىمىز يەنە،
جىلغىلاردا قۇرۇيدۇ بۇلاق.
نىگاھلاردىن ئۇچقان ئاق كەپتەر
قايتىپ كېلىدۇ بولۇشۇپ تورغاق.

ئەنە، ئۇپۇق يۈزى قىزاردى،
ئېچىپ بىزگە يىراقتىن قۇچاق.
بىر داۋاندىن ئارتىلغىنچە بىز،
بولۇپ قاپتۇق ئاقساقال دوڭغاق…

1989 ـ يىل ماي



# مەڭگۈلۈك ۋىسال

تىك قىيادا قۇچاقلاشتى كۆزىمىز،
ئارىمىزدا غىڭشىپ قالدى ئىزغىرىن،
غۇلاپ چۈشتى دەرياغا شوخ كۈلكىمىز،
تېرىۋالدى ئۇيناپ يۈرۈپ ساھىلدا
گۈگۈم پەيتى بىر جۈپ نەۋرىمىز.

1989 - يىل دېكابىر

# تاش ئابىدە

تاشچى بوۋاي كەسكەنمىدى تىلىگنى،
تارىخ سەندىن ئالالمىدى ھېچ جاۋاب.
سەندىن زۇۋان سوراپ ھاردى بورانمۇ،
يەنە تەنھا ئولتۇرامسەن ئەي، جاناب.
قۇم تىقىلغان شۇ ناتونۇش كۆزلىرىڭ
يۇرەكلەرگە تاشلاپ بارار مىڭ سۇئال.
چىقارمامسەن قوينۇڭدىكى قۇياشنى،
مۇڭدىشايلى داستىخاندا بىمالال.

1989 ـ يىل نويابىر

## يۇلغۇن

كېسىپتۇرار،
ئۈسۈپتۇرار.
ئۇ تائەبەت
قانغا بويالغان بىر بوۋاق.

چۆل ئانا
بۆلەپ ئۇنى قۇم بۆشۈكىگە
ئەللەيلىتىدۇ
بورانلاردىن توقۇپ قوشاق.

ئۇ
چۈش كۆرىدۇ
يېشىل چۈشلەرنى،
ئالتۇن چۈشلەرنى
ئۇزاقتىن - ئۇزاق...

1988 - يىل ئىيۇل

# سايەم

1

مەن ئىزلەپ ماڭدىم سايەمنى
ئىزلەپ ماڭدىم
شېھىت بولغان قۇياشنى
كۆزلەپ ئۇپۇقنى.

2

سايەم
سىڭىپ كەتكەن چېغى يوللارغا
كۆمۈلگەن چېغى
گۇڭگا نۇرلارغا.

3

سايەم
كەتتى بەلكىم قۇياشنى ئىزلەپ
ئۇ كېلىدۇ قۇياشنى باشلاپ
تويماس ئۇپۇقنى قەبرىگە تاشلاپ.

4

سايەم
تۇغۇلىدۇ قۇياشتىن
ئالەم
ئايرىمىسۇن مېنى قاياشتىن.

1989 ـ يىل ئىيۇل

## باھار

قۇياش
يىرتىۋەتتى ئاق داستىخاننى
چىللاش ئۈچۈن قارلىغاچلارنى
سالدىم ئۇنىڭ پارچىلىرىنى
سۇپا قىلىپ زەڭگەر ئاسماننى.

بىلەكلەردىن
ئېقىپ چۇشۇپ ياپ - يېشىل تومۇر
قۇچاقلىدى چۆل - باياۋاننى.

موزايلىق كالا —
(باشقا ئالەمدىن كەلگەن ساتراش)
داتلاشقان چىشىدا بارىدۇ يۇڭداپ
زېمىننىڭ يىڭنىدەك يېڭى چېچىنى.
قوزىلار
سېمىز ئوتنىڭ ئىمەر سۇتىنى.
دەرەخلەرنىڭ بۇرۇن ئۇچىدا
پوتلىلىرى قالدى شور باغلاپ.
تۇمۇچۇقلار
بوينىغا قىزىل گالىستۇك باغلاپ

ئاق يامغۇرنى كۆمۈش تار چاغلاپ
تۇقۇماقتا هالرەڭلىك قوشاق،
تىڭشىغىلى ئۇنىڭ كۈيىنى
ئۇنۇپ چىقتى يەردىن تۆت قۇلاق،
ئۇزارماقتا دەرەختە قۇلاق.

1989 ـ يىل مارت



# يېشىل گىيا

يېشىل گىيا ئۆسەر قىرلاردا،
ئۇ باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىسى.
قۇچاق ئېچىپ قايناق ھاياتقا،
تەبىئەتنىڭ بولار زىلچىسى.

پەرۋىش قىلماس ئۇنى ھېچكىممۇ،
تىلغا ئالماس نامۇ - ئىسمىنى.
يۇيۇپ ئۆتەر پەسىل يامغۇرى
يىگىنە كەبى نازۇك جىسمىنى.

چېچەكلىمەس ھەۋەس قىلغۇدەك،
تاللىمايدۇ باغلاردىن ئورۇن.
ئاشۇ ئاددى سىياقى بىلەن
قوشۇپ تۇرار زېمىنگە ھۆسۈن.

سەيلىگە يول ئالغان كىشىلەر
تېخى ئۇنى دەسسەپ ئۆتىدۇ.
يامراپ كېلىپ قوي ۋە كالىلار،
ئۈزۈپ، چايناپ ئوزۇق ئېتىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي كۆكلەيدۇ يەنە،
باش كۆتۈرۈپ قەيسەرلىك بىلەن.
قۇچاقلايدۇ ئۇنى شوخ سابا،
قۇچاقلايدۇ ۋە ھەسەن - ھۈسەن.

يېشىل گىيا ئۆسەر قىرلاردا
بەرگلىرىدە چاقنايدۇ شەبنەم.
سىمۋولى بوپ پۈتمەس بىر كۈچنىڭ
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ ھەردەم.

1989 - يىل ماي

# تېگىرقىغان مىسرالار

## 1. ھەيرانلىق

تۇن
غالىپ كەلدى نېمە ئۈستىدىن؟
بىلمىدىم
سانسىز يۇلتۇز ساڭگىلاپ تۇرار
مىدال بولۇپ چاقناپ كۆكسىدە.
ئاي
تاتىرىدۇ نېمىشقا؟
ھەسەت قىلغانمۇ ياكى ئۇنىڭغا؟
قېتىپ قاپتۇ داغ بوپ ياشلىرى
ئۇنىڭ ھۆسنىدە.

## 2. تەقدىر

ئۇرۇق
تۇپراق ئاستىدىن
زۇلمەت قوينىدىن
يېرىپ چىقىپ
قۇچاقلىدى نۇر دۇنياسىنى.

غالىپ جەڭچىدەك
بېشىدا مىس قالپىقى،
ئۇ غۇلاچ ئاتتى قۇياشقا،
سۆيدى يېشىل لەۋلىرى بىلەن
ئۆز ئاشناسىنى.
ئۇرۇق
تۇپراق ئۇستىدە،
شامال ئۆتتى يالاپ،
كۆيدۈردى ئاپتاپ،
شاراقلاپ قالدى چاپىنى.
ئۇچۇپ كېلىپ دىۋانە قۇچقاچ
ئېلىپ قاچتى ئۇنى.

## 3. كۇنلۇك ئاستىدا

كېتىۋاتىمەن
كۆزۈمنى ئېسىپ قويۇپ
پۇتلىرىمنىڭ ئۇچىغا.

كۇنلۇك لىۋىدە
دارغا ئېسىلغان كۆز يېشى.
تاپىنىمدا
ئېگىراپ يېقىمسىز
نالە قىلىدۇ تۇپراق.

كۆنلۈك
پەردە ئاستى كۆزۈمگە
كۆرەلمىدى كۆزۈمنى ئاسمان
نىگاھىمدىن
ئۆركۈپ قاچتى كەڭ دالا.
چىغىر يولدا
چايقىلىدۇ قارايغان سايەم.
ئىزلىرىم
پىرقىرايدۇ چەمبەر ئىچىدە.
يامغۇر تۆشى مېنىڭ شاتلىقىم،
كېتىۋاتىمەن
كۆلكىلەرنى چىگداپ يۈزۈمگە،
يېتەلمەستىن مەنزىلگە
غۇۋالاشتى لاي چاچراپ
پۇتلىرىمنىڭ ئۇچىدا كۆزۈم...

## 4 . قانداق قىلاي؟

ئېزىقتۇردى ئۇپۇق،
يۆگەپ مېنى پەردىلىرىگە
گۇگۇم
سۆرەپ كىردى تۈن قوينىغا.
ئاندا ـ ساندا چاقنىغا يۇلتۇز
كۆزلىرىمدىن
ئېلىپ قاچتى نىشاننى.

گۈڭگا چۈشلىرىم
سىلىپ مېنى تەختىراۋانغا
ئويناتماقتا
مۇئەللەقتە!

قۇياش
ئالقىشلارمۇ مېنى
قاسراق تاشلاپ
يېرىپ چىقسام تەنلىرىمنى؛
ياكى سايەمنى ـ
ئۆزەمگە زادى ئوخشىمايدىغان!

1989 ـ يىل

# سۇنغان چاقماقلار



# سەۋدالىق ئەسلىمىلىرى

1

چىللىمىغىن ئۇچقۇر شامالنى،
دەرىزەڭدىن سىلكىتىپ رومال.
ئۇشتەك چېلىپ ياپراقلىرىڭدا،
ساڭا كۆپتىن قىلدى ئۇ ئۇۋال.

ئەگىپ يۈردى ئورمانلىرىڭدا،
چىرايىڭنى ئېلىپ دالدىغا.
يەلپۈتسە ئۇ شايى پەردەڭنى،
يۈگرەپ چىقتىڭ تالاي ئالدىغا.

ناخشىسىنى ئېسىپ لەمپەڭگە،
خىيالىڭنى قىلدى ئۇ قامال.
رۇجىكىڭنى ئەتكىن گۈگۈمدا،
ئەقىدەڭگە باشلار ئۇ زاۋال.

ئىشەنمىگىن نالەشلىرىگە،
كۆز يېشى يوق يىغلايدۇ شامال.
دولقۇنلارنىڭ يۇمران كۆكسىنى
كېتىۋېتىپ ئوينايدۇ شامال.

2

خىيالىمنىڭ مىسكىن چۆلىگە
يامغۇر تۆكۈپ ئۆتتى بۇلۇتۇڭ.
ھەسرىتىمنىڭ شامالّلىرىغا
قانات بەردى سوۋۇغان ئوتۇڭ.

پىنھان كىرىپ ئاراشلىرىدىن
باغلىرىڭدىن ئىزدىدىم سېنى.
جامالىڭنى يېرىم كۆرسىتىپ،
ھىلال ئايغا ئاستىڭغۇ مېنى.

ئاھۇ بولۇپ تۇراي چوققىدا،
ئوقيا بولۇپ تەگسەڭچۇ ماڭا.
كىرىپ قالدىم ھويلاڭغا ئەمدى
شاخلىرىڭنى ئەگسەڭچۇ ماڭا؟!

3

كىرپىكىڭدىن سىرغىغان قەترە
چۆكۈپ كەتتى ئىشقىم كۆلىگە.
سۇرۇتكىنىمدە
كەشتە ياغلىقىنىڭ
يۇلتۇز قوندى چەككەن گۈلىگە.

قار ئۇچقۇنى بىر جۈپ قىزىلگۈل
ئارسىغا قالدى ئېسىلىپ.

كىرپىكلەردە تۇراتتى بىراق
ئاپئاق ھىجران گۈلى ئېچىلىپ.

ئېلىپ كەتتى سېنى چىغىر يول،
يۇتۇپ كەتتى مېنى باياۋان.
ئىزلىرىمىز يەنە شۇ جايدا
چۆچەك ئېيتىپ يىغلايدۇ ھامان.

4

ئاق بۇلاقنىڭ شىلدىرلىشىغا
تۇن جىمغىنا سالىدۇ قۇلاق.
ئاي نۇرىغا يۆلىنىپ سايەم،
قورام تاشتىن ئاڭلايدۇ قوشاق.

ۋادىلارغا يېيىلغان زۇلپۇڭ
يالتىرايدۇ ئەمدى كۇمۇشتەك.
ماڭا نىسىپ بولمىدى قەترەڭ،
جىسمىم كۆيەر خۇددى قۇمۇشتەك.

مەن چۆلمىدىم، سەن ياكى دېڭىز،
ئىشقىمىزغا مۇساپە يىراق.
سايلىرىدا مۇشكۇل ۋىسالنىڭ
ھارغىن تۆگەم كېزىدۇ ئۇزاق.

5

كۆل سۇيىدىن كۆرۈپ ئەكسىمنى،
كۆرەلمىدىم، ـ دېدىڭ سەن ئېنىق.

ئاي يۇزۇڭگە خۇددى تۇماندەك
يېقىنلاشتى لىۋىمدىن تىنىق.

چاقماق چاقتى كۆزلىرىڭ شۇ دەم،
(ئاينىڭ يۈزى ئەمەستى يېپىق)
قۇم ئۇستىگە تاشلاندى بىردىن،
كۆل بېتىدە ئوينىغان بېلىق.

سىڭىپ كەتتى يىراققا سايەڭ،
قارا يوللار كەتتى تىلىنىپ.
تىترەپ تۇرغان كۇمۇش ئىزىڭغا،
كۆز قارچۇقۇم قالدى ئىلىنىپ.

6

ئاھلىرىمنىڭ ئۇچسا شامىلى،
تولغۇنىدۇ يۇمران شاخلىرىڭ.
مۇگدەپ ياتسام غېرىپ كەپەمدە،
ئىزدەپ كەلدى يۇپۇرماقلىرىڭ.

قۇلۇقۇمغا پىچىرلاپ ئاستا،
چۇشۇمنى ئۇ كەتتى يېتىلەپ.
قەپىزىڭگە باشلا روھىمنى،
قالدى جىسمىم ئامانلىق تىلەپ.

7

تاماكامغا ياقتىڭ سەرەڭگە،
كىرپىكىڭنى سۇركەپ لېۋىمگە.

تەتۈر چېكىپ يۈتمۈالدىم چوغ،
ئوت تۈتاشتى قاخشال تېنىمگە.

چىرمىۋالدىم ئىستەك تولغۇنۇپ
تىنىقىڭنى ئېپ قاچقىنىڭدا.
تۈتۈنلىرىم بوغدىمۇ سېنى،
ياش كۆرۈندى كۆز ئاسمىنىڭدا.

شۇندىن بېرى يوللىرىمدا مۇز،
يەر يىغلىدى جەبرىلىرىمگە.
ئۇپۇق كۆيسە قىلىمەن تاۋاپ،
باش قويالماي قەبرىلىرىڭگە.

8

قانغا بوياپ بۇلۇت باغرىنى،
تاغ كەينىگە يانپاشلىدى كۈن.
سىيا ئىچكەن قارا دېۋىدەك،
ئورمانلاردىن يامراپ چىقتى تۈن.

ئوۋىسىغا مۈكۈندى قۇشلار،
كۆلدە بېلىق تېپىرلىمايدۇ.
دىمىق هاۋا سىقىدۇ دەمنى،
گىيالارمۇ پىچىرلىمايدۇ.

شوخ يۇلتۇزلار دەريا تېگىدە،
ياش تۆكىدۇ جىمىرلىمايدۇ.

ھىجران بىلەن تاتارغان ئايمۇ،
كۆكتە مىسكىن،
قىمىرلىمايدۇ.

كۆل بويىدا تۇرسەن تەنھا،
ئايغا قاراپ سۇرگەنچە خىيال:
مېنى گويا قىلغاندەك مازاق،
سۇ لىۋىدىن سۆيەر مەجنۇن تال.

يار يامانلاپ قاچتى بۇ كېچە،
مەيلى يەنە تاڭمۇ ئاتىدۇ.
چىققىنىدەك قۇياش قىزىرىپ
سېغىنغاندا ئۆزى قايتىدۇ.

## شۆندىن بېرى

شۆندىن بېرى
ئۆچۈپ كەتتى رەڭلەر جىلۋىسى.
تاغلىرىمنى كېزىپ سوغ شامال
تاقىر بولۇپ قالدى جىلغىسى.

شۆندىن بېرى
ماچتىلىرىم سۇندى قايرىلىپ،
قىقاس سېلىپ تۇمانلار ئىچرە
ئاق چايكىلار يۈرەر ئايلىنىپ.

شۆندىن بېرى
غايىپ بولدى سۆيۈملۈك يوللار
ئاندا ـ ساندا كۆككە ئىزىگىدىن
ئاڭلىنىدۇ يىغلاڭغۇ تىللار.

شۆندىن بېرى
يوقلىمىدى سايەڭ بېغىمنى.
لەيلەپ يۈرگەن زەر ياپراقلىرىم
باشلاپ كەتتۇ كەچكۈز چېغىمنى.

شۇندىن بېرى
خىيالىمدىن كەتمىدىڭ نېرى.
گۈگۈم پەيتى ئورمان ئىچىدىن
توزۇپ چىقار دىلىڭنىڭ سىرى.



# بەلكىم

بەلكىم
كىرپىكىڭدىن ئۆزۈلسە قەترە
ئالار ئۇنى قوينىغا تۇپراق.
يېشىل سادا كەزسە زېمىننى،
ئۇنۇپ چىقار بولۇپ تۆت قولاق.

بەلكىم
مەجنۇن تالدەك يەلپۈنگەن زۇلپۇڭ،
چۈشلىرىمدە يول بولار ماڭا.
يول چېتىقى كۆيدۈرگەن سايەم،
ئۆپۈقلاردا قوشۇلار ساڭا.

بەلكىم
يېشىلڭ سىڭگەن ئۇنسىز ناخشاڭنى،
يۈرىكىمگە ئورىۋالارمەن.
ھىدلىرىڭنى گۈل قاتلىرىدىن
ھەر بىر تاڭدا شورىۋالارمەن.
بەلكىم...

1989 ـ يىل ئۈرۈمچى

## قاپ ـ قارا قوي كۆز

سەن
ئاينىڭ ئىچىدە،
قاپ ـ قارا قوي كۆز.
يۇلتۇزلارنىڭ
ئالتۇن نۇرى بىلەن
باغلىنۇالدى كۆزۈمنى.
مەن كۆزۈمگە ئەگىشىپ
شۇڭغۇپ كىردىم
تۇن قوينىغا.

ئاھ،
قۇياش چىقمىسا!
يۇرسەم ئەبەت ئىچىگەدە
ئىزدەپ ئۆزۈمنى.

1987 ـ يىل

# ... بۇ ئاخشام

تاغ كەينىگە پاتتى قۇياش،
بۇلۇتلارنى قانغا بوياپ،
قويۇق ئورمان ئىغاڭلايدۇ
يىنىككىنە بويۇن تولغاپ.
شامال ئۇرۇپ
مەغرىپ سايان تەلپۈنگەن ياپراق
ئاجىز نۇردىن
قىزىللىقنى قالدى شوراپ.
كۆكۈم قوينى
ياپراق دالدىسى
قۇشلار ئۈچۈن ئىسىل بىر سەھنە.
ئوينىشىدۇ بىر - بىرىنى قوغلاپ،
سايرىشىدۇ ئىشقى بىلەن
بىرى ئاشىقنى
ۋە بىرى مەشۇقنى دوراپ.
قاياقتىندۇر
غەمكىن ئاۋاز -
كاككۇك ئۈنى بوغۇق ياڭراپ
تەبىئەتكە كەتتى سىڭىپ
ئاستا - ئاستا كەتتى يوقاپ.
ئاھ، نەقەدەر غەمسىز بۇئاخشام،

باغ ئىچىدىن چىققان ئېرىق
ئېقىپ بارار مەلە بويلاپ،
يىنىك - يىنىك تىنىق ئېلىپ
شارقىرايدۇ،
كۆمۈچ تاردەك پارقىرايدۇ،
ۋە ئۆتىدۇ ھەر بىر كىمدىن ھاردۇق سوراپ.
باللار
ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا
ئولتۇرىدۇ يۇلتۇز ساناپ،
چۆچەك ئاڭلاپ،
خىيال بۆشۈكىدە ئايغا قاراپ.
مەن
بەختلىكمەن شۇ قەدەر.
سىلكىنمەكتە ۋۇجۇدۇم
بىر شاتلىق تاراپ،
ئەمدى يۈرمەيمەن ئايغا قاراپ،
ئەنە،
قاراڭغۇباغ ئىچىدىن
يالغۇز ئاياغ يول بىلەن
چىقىپ كەلدى بىر ئاي
دەريانى بويلاپ...
ئاھ، شولىسى دەريادا،
شولىسى مېنىڭ قەلبىمدە.

1986 - يىل

# كاككۇك

ئېسىمدىدۇر غۇۋا بىر چۈشتەك،
سەھرادىكى گۇدەك چاغلىرىم.
مېنىڭ كەڭرى دۇنيارىم ئىدى
يېشىل ئېتىز، كۆجۈم باغلىرىم.

چاپقىنىمدا مەخمەل قىرلاردا
سېلىپ تاشلاپ ئېغىر چاپانىنى.
بوۋام ھەيدەپ قوڭۇر ئۆكۈزنى،
سالغىنىدا يەرگە ساپانىنى.

شوخ باللار بىدىلىكلەردە
تولدۇرغاندا ئېتەك ـ ئېتەكنى؛
قىسقىنىمدا ئۆرۈكلەر تامام
شاخلىرىغا ھال رەڭ چېچەكنى.

تاغ كەينىدىن ئۈچۈپ كېلەتتىڭ،
باغرى كۆيگەن ئەي، غېرىپ كاككۇك.
ناخشاڭ بىلەن تىمتاس يېزامغا
جانلىنىش ھەم رەڭ بېرىپ كاككۇك.

مۇڭلۇق كۈيۈڭ گاھى يىراقتىن،
گاھ يېقىندىن ئاڭلانغىنىدا.
ئۆتمۈشىڭنى سۆزلەپ بېرەتتى،
مومام ماڭا تونۇر يېنىدا.

ئاۋازىڭغا سۈڭدىشىپ شۇئان،
باغ ئارىلاپ ئۇزاپ كېتەتتىم.
سەن كۈيلىگەن گۈللەرنى پۇراپ،
چىمەنلەرنى باغ - باغ ئېتەتتىم.

بىلەلمىدىم، پەرسىمۇ سەن
خۇشاللىقنىڭ ياكى ھەسرەتنىڭ.
ئاۋازىڭدىن تارقىسا شاتلىق،
دەم پۇرىقى كېلەتتى دەرتنىڭ...

يىرىك ساقال باستى ئېڭەكنى،
قۇچتى مېنى نەۋ باھار چاغلار.
مەن يىراقتىن سېغىندىم سېنى،
قېنى كاككۇك، قېنى سەن باغلار؟

ئۆز بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم،
سىرلىرىڭنى چۈشەندىم كاككۇك.
باھار چىللاپ، باھاردا جانان
كۈتكىنىڭگە ئىشەندىم كاككۇك.

قالدى توۋا، ئۆدۈمۈڭ ماڭا،
شۈنداق ئىكەن جاھان قىسمىتى.
باھار پەسلى، قىران ياشلىقنىڭ
ئاز ئەمەسكەن پىغان - ھەسرىتى.

1985 - يىل ئاپرىل



# قىيانى قۇچاقلاپ ئاققاندا سۇلار

يىراقتىن ئېتىلىپ كېلەر دولقۇنلار،
قۇچاقلاپ سۆيگىلى قىيانى ھەردەم.
سۆيىدۇ قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە
يۇمران كۆكسى بىلەن باغاشلاپ مەھكەم.

دەسلەپكى ۋىسالدەك ئوتلۇق تەلپۈنۈش
دولقۇنغا كۈنۈ - تۈن بەرمەيدۇ ئارام.
بىر كۈينى باشلىغان تۈنجى سۆيگەندە،
شۇ كۈينى ھېلى ھەم ئەتمەكتە داۋام.

شۇ قەدەر قەدىمىي ۋە يېڭى كۈي بۇ،
تەكرارلاپ كېلىدۇ يۈكسەك ئاھاڭدا.
مۇقەددەس مۇڭ بىلەن تىڭشايدۇ ساھىل،
تىڭشايدۇ چايكىمۇ مەست بولۇپ تاڭدا.

شۇ قەدەر قەدىمىي ۋە يېڭى كۈي بۇ،
بىلسەڭ بۇ چىن سۆيگۈ - ئۆلمەس مۇھەببەت.
قىممىتى، لەززىتى شۇدۇر سۆيگۈنىڭ:
تۈنجى رەت سۆيگەندەك سۆيسەڭ تائەبەت.

1988 - يىل فېۋرال

# كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار...

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار
ئۈنچە تىزدى زىناقلىرىڭغا.
نىمە مەڭدەپ تۇرىسەن جانان،
تاشلانمامسەن قۇچاقلىرىمغا؟

كۈتكىنىڭگە ئىشەندىم،
شۇ ياش
ئەقىدەڭگە شاھىتمىكىن، تاڭ.
كۆكسۈمگە باش قويساڭ بۇقۇلداپ،
ئاھ، قەلبىمدە يورۇپ كېتەر تاڭ.

1985 ـ يىل

## يامغۇر بولۇپ…

يامغۇر بولۇپ تۆكۈلسەم ساڭا،
يۇيۇپ ئۆتسەم پىراقلىرىڭنى.
ئارمان نىمە، نازىنىن گۈلۈم،
ماكان ئەتسەم زىناقلىرىڭنى.

1985 ـ يىل

## بىر

سەن قوشوٚلدوٚڭ ماڭا،
مەن قوشوٚلدوٚم ساڭا،
«ئىككى» دېگەننى
تاڭەبەتكە كوٚرمەيمەن راۋا.



# سۆيگۈ يولىدا

1

شۈنچە تېز تۈتقان ئىدىڭ قولۇمنى
ۋە شۈنچە تېز تاشلاپ كەتتىڭ
باشقا ياققا سېلىپ يولۇڭنى.
مەن چەكمىدىم ئارتۇقچە ھەسرەت،
كۆزلىرىمدىن
دۇملاپ چۈشتى بىر تامچە پەقەت.

2

شارقىراپ ياغقان يامغۇر
توختاپ قالاركەن بىردەمدىلا.
قامچىلاپ بەرگلىرىنى گۈللەرنىڭ
نەملەپ يۈزلىرىنى چۆللەرنىڭ.

3

سۆيگۈ ئەھلى ئازمىسا ئەگەر
ئەسىر بولماسكەن
بىر تەبەسسۇمغا،
بىر چاقماققا.

1988 ـ يىل ماي

## سېنى كۈتتۈپ

كۈتتۈم سېنى
كېچىلەر ئايغا
تەلمۈرگەندەك ئىنتىزار بولۇپ،
سەراتاندا كارۋان چۆل ئارا
چاڭقىغاندەك سۇغا زار بولۇپ.

سەن كەلمىدىڭ كۈتكەنگە ئاخىر،
كۆيدى بېغىر، دىل فىگار بولۇپ.
كۆز ياشلىرىم ئاقتى ئىچىمگە
كۆڭلۈم شۇنچە دىشۋار بولۇپ.
كەلسەڭ ئەگەر يارىم بوينۇڭغا
ئېسلاتتىم مىڭ زۇننار بولۇپ.
مەيلى، باغرىم تىلىپ بېرەتتىم
ساڭا قۇربان بىقارار بولۇپ.

ئېسىت، مېنىڭ سېغىنغانلىرىم،
ئەقىدەمگە پىداكار بولۇپ.
شۇنچەمىدى ساداقەتلىكىڭ،
مۇھەببەتكە «ۋاپادار» بولۇپ.
بىلدىم سېنى، تېنىپسەن مەندىن،

ئۆزگىلەرگە ئاشنا ـ يار بولۇپ.
نومۇس بولار دېمەپسەن، دۇنيا-
ماللىرىغا جاننىسار بولۇپ.
كۆرەرمىز قېنى، مۇھەببەت سېتىپ
كەتكىنىڭنى بەختىيار بولۇپ.
ئۆگەندىم مەن ۋاپادارلىقنى
ۋاپاسىزغا دىلىپكار بولۇپ.
يۈرەكتىكى ئاسارەت دېغى
قالدى ماڭا يادىكار بولۇپ.

1980 ـ يىل مارت



# كۆزلەر

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
چولپان كەبى كۆزلەر.
ئۈمىد نۇرى يانسا،
قۇياش كەبى سۆزلەر.

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
بۇلاق كەبى كۆزلەر.
شوخلۇق قىلىپ قاچار،
قايسى باغنى كۆزلەر؟

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
تۇمان كەبى كۆزلەر.
كىرىپىكىدە يامغۇر،
بەگۇۋاشلىقىنى ئىزلەر.

كۆزلەر، كۆزلەر، كۆزلەر،
بىقىشىمادۇق بىزلەر.
قۇچايلى بەخت، ئامەت،
كېيىپ قالىدۇ كۆزلەر.

كۆزلەر بەخت ئىزلەر،
قىزلار سەبى سىزلەر.

# هايات قسمەتلىرى



# دوستلىرىم

دوستلىرىم،
سەمرىگەنچە كۆرىنەر ئاۋاق.
ئۆتۈپ كېتەر ئالدىمدىن
كىرپىكلىرى يالايدۇ تۇپراق.

ئۇمۇ تىكتى بىر كۆچەت
مەنمۇ سالدىم ئالمىغا ئۇلاق،
تاش ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئەمدى،
چاقالمايمىز بىر ياڭاق.

بالىكۇندا تۇرۇپ روبىرو،
قۇچاقلاشماس كۆزىمىز يىراق.
پاپىروس ئىسى قارا مۇشۇكتەك،
خىياللارنى ئېپ قاچار يىراق.

ئارىمىزدا بىرلا تام - توساق،
ئۇ كىرمەيدۇ،
مەن چىقمايمەن،
ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

ئىشىكىمدىن ئۆتۈپ كېتىمدۇ،
يول باشلايدۇ تومپايغان قورساق.
ئارقىسىغا مۆككەن هوشيار قوللىرى،
چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمى هەتتا.
هەي!
ئىچىدە بىر تاللا پۇرچاق...

1989 ـ يىل ئىيۇل



# كۆز

1

ئەما ئۈچۈن
نۇرغا تولغان بۇ دۇنيا
دائىما زۇلمەتتەك كۆرىنەر گويا.
قۇلىقىغا كىرمىسە زۇۋان
چۆلدە يۈرگەندەك بىلىنەر تەنها.

2

ئەنە، چولڭ يولنى بويلاپ
كېلەر بىر ئەما
هاسا بىلەن يول ئېچىپ،
ئۇنىڭ كۆزى ئەنە شۇ هاسا.

3

هاسا تۇتقان قوللىرى دىرىلدەيدۇ،
ئاۋايلاپ باسقان پۇتلىرى
شامال سوققاندەك سىقىرايدۇ.
كۆزلىرى
غايەت بىر چوڭقۇرلۇقتا
شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدا
هىلال ئايدەك ئاقىرىپ
ئاران - ئاران پاقىرايدۇ.

4

ئالدىراش بىر يولۇچى
يانداپ ئۆتۈپ
سوقۇۋەتتى شۇ ئەمانى،
يىقىلمىدى ئۇ،
هاسىنى چىڭ قۇچاقلاپ
تۇرۇپ قالدى بىر پەس.
(نەدىن كەلدى بۇ دەرمانى؟)
بىر مويىسپىت
ئەيىپلىدى ئۇ كىشىنى،
«كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ،
ئاز قالدىڭ تېرىغىلى بىر بالانى!»

5

ئەما
يۈزلىرىدە شاتلىق جەۋلانى،
ئەركىن بىر نەپەس ئېلىپ
قىلدى ئەتراپقا شۇنداق نىدانى:
«مەن ئىنسانلار ئارىسىدا،
ئاھ، ئىنسانلار مەن بىلەن ئىكەن
شاتلانماي نىچۈن،
سۆيمەي قانداقچە
بۇ دۇنيانى،
بۇ گۈزەل، يورۇق دۇنيانى؟!
چۈنكى مېنى يۆلىگەن ھەر قول
قۇياش ماڭا
ئاي ماڭا...

1986 ـ يىل

# تىلىكىم

ماڭا بەرمە ئالتۇن يا كۈمۈش،
ئاتا قىلما يالتىراق شۆھرەت.
بېشىڭدىمۇ كۆتەرمەي قويغىن،
كۆتەرگەندىن قورقىمەن قەۋەت.

ياش بولساممۇ، نادان بولساممۇ،
ئەيىپ ئەتمە، كۆڭلۈمنى چۈشەن.
جاندىن ئېزىز ماڭا دوسلۇقتا،
بىرلا سۆزۈم، ئىشەنگىن - ئىشەن!

1987 - يىل ماي

## يىگىت بولساڭ...

مۇشكۇل سىناق بۇ تاغ ئۆتكىلى،
سەپىرىڭدە يولنى توسايدۇ.
قىيا ـ خەنجەر، هاڭلار هۆكۈرەپ
يىگىت، سەندىن يۈرەك سورايدۇ.

ئەنە چوققا، ئۇندا بىر گۈزەل
ئاپئاق ياغلىق سىلكىيدۇ ساڭا.
يولۋاس دىسەڭ ئۆزۈڭنى قېنى،
شۇ چوققىدا جاۋاب بەر ئاڭا.

1987 ـ يىل

## قويىۋەت مېنى...

سەپەر ئۈستىدە يولدىن ئېزىپ قالدۇق. ھەمرايىم كەلگەن يولىمىز بىلەن ئارقىغا يېنىشنى تەۋسىيە قىلدى، مەن نارازى بولدۇم...

قويىۋەت دوستۇم مېنى ئەركىمگە،
ساۋادىم يوقتۇر ئارتقا يېنىشتىن.
بىلىمەن يول تېپىلار تېگىرقىماي
ئالدىغا دادىل چامداپ مېڭىشتىن.

نۇرلىنىپ تۇرار ئەنە مەنزىلىمۇ،
يىراقتا كۆز قىسىشىپ يۇلتۇزدەك.
چاتقاللىق، ھالقا ـ قىيالار نېمە ئۇ،
ئەجداتمۇ يول ئاچقانغۇ سەن بىزدەك!
پۈتلىشىپ يىقىلساقمۇ دەس تۇرۇپ،
يېتەيلى بىز مەنزىلگە يەلقا تۇرۇپ...

1984 ـ يىل دېكابىر، قاراماي

# ھايات يولىدا

مەن
يالىڭاچ كەلدىم
يالىڭاچ كېتىمەن.
يىغلاپ تۇغۇلدۇم
كۈلۈپ ئۆلىمەن.
تۇغۇلغانتىم
ئازاپ بۆشۈكىگە
يۆگۈلىمەن
شاتلىق كېپىنىگە.
مەن
گۇدەكلىكىمدە
يىتىلەپ ماڭىمەن دانالىقىمنى.
يىرگىنىپ
ئالىپتە سالاپىتىمدىن،
كۈيلەيمەن ئەسەبىي تەرسالىقىمنى.
مەن
ئاقىلانىلىق جىلغىسىدا
تەلمۈرىمەن

نادانلىق چوققىسىغا،
مەن
تاكامۇللۇق تەختىدىن
غۇلايمەن
تاكامۇلسىزلىق هاڭلىرىغا.
مەن
توقلۇق ئىچىدە
سېغىنىمەن ئاچارچىلىقنى.
بارلىقتىن قېچىپ
ئىزدەيمەن يوقلۇقنى.
مەن هاپاش قىلىپ تەشۋىشنى
شاتلىق بىلەن تانسا ئوينايمەن.
شاتلىق
قونۇپ قالسا قوينۇمدا
ئۇيالغىن دەپ قوغلايمەن.

مانا —
ئاستىمدا چۈش تۈلپىرى
قولۇمدا نۇر قامچىسى
ئالدىنقى ئىزلىرىمنى
دان قىلىپ چاچىمەن
كېيىنكى يوللۇرۇمغا.
هايات يولىدا
شۇنداق چاپىمەن!

1988 - يىل ئاۋغۇست

# شارقىرايدۇ يامغۇر تىنىمسىز

شارقىرايدۇ قاپ ـ قارا يامغۇر،
تۈن قوينىدىن، غايىپ بىر كۆكتىن.
كۈتەر ئانا يالغۇز قىزىنى،
بوسۇغىدا تەلمۈرۈپ، كۆپتىن.
چېچى ئۆچتەك، پۈكۈلگەن قەددى،
قورۇق بېسىپ پۈرلەشكەن يۈزى.
قىزى كەتكەن گىرىمسەن يولنى،
خىرە ـ شىرە كۆرىدۇ كۆزى...
مۈسكۈللىرى كېتەر كىرىشىپ،
لىۋى تىترەر يېنىك دۇرت ئوقۇپ.
ئانا كۈتەر، كۈتەر تاقەتتە،
ئاھ، ئۈمىدنىڭ كەشتىسىن توقۇپ.

*　　*　　*

پارقىرايدۇ رەڭگا ـ رەڭ چىراق،
زال تەۋرەيدۇ ناخشا ـ كۈلكىدىن.
خاتىرجەملىك، نازاكەت چاقنار،
قىزنىڭ گۈزەل ياشلىق خۇلقىدىن.
ياڭرىماقتا ۋالىس نەغمىسى،
قىز پىرقىرار،- پىرقىرار جاھان.

قوچار كۆڭلى جەننەت پەيزىنى،
يات كۆزلەرنى قىلىپ ئۇ مېھمان.

* * *

تون ئىسىگە چىللىدى خوراز،
قىزى قايتتى خۇشال ۋە ھارغىن.
قورۇق يۈزنى سۆيدى شات كۈلكە،
گۈلگۈن چىراي ئىچۈنكىن سالقىن.
پايپىتەك بوپ ئانا بىچارە،
كەلتۈردى تېز قىزىق شورپىنى.
«تويۇنۇپ، ئىچ» «يۇمشاق ئۇخلا» دەپ،
سالدى قوشلاپ ئەتلەس كۆرپىنى...

سەھەر يەنە ياغماقتا يامغۇر،
كۆك يۈزىنى قاپلىغان تۇمان.
ئانا قەلبى سۇزۇك قاشتېشى،
كىم بۇنىڭغا قىلىدۇ گۇمان؟
بەختلىك قىز تەرەددۇت ئارا
ئۇلگۈرمىدى بىر سۆز قىلىشقا.
كۆنلۈك تۇتۇپ بىكەتكىچە تا،
ئۇزاتتى ئانا قىزىنى ئىشقا.
شارقىرايدۇ تىنىمسىز يامغۇر،
يۇيۇپ ئۆتۈپ ئانا قەددىنى.
يامغۇر ۋە ياش كەتتى سىڭىشىپ،
كىم بىلىپتۇ ئۇنىڭ قەدرىنى؟!

1986 ـ يىل ماي

## سېخى ئەينەك

يورۇپ كەتتى ئۆيۈم ۋاللىدە،
دېرىزەمدىن كىرىپ كۈن نۇرى.
قاناتلاندى ھېسلىرىم شۇ دەم،
ئېلىپ بۇندىن ئىلھام ئۇچۇرى.

سۇزۇكلۇكتە خۇددى زۇمرەتتەك،
دېرىزەمنىڭ ئاشۇ ئەينىكى.
نۇر ئېقىمى ئۆتىدۇ ئۇندىن،
ھەم كۆرۈنەر جاھان كەڭلىكى.

ئەينەك سېخى، ئەينەك ۋاپادار،
رەڭ قوشىدۇ خىسلىتىمىزگە.
ئىچى تارلىق قىلماس ئۇ زىنھار،
جەمئىي نۇرنى ئۆتۈنۈپ بىزگە.

گېزى كەلسە بەزىلەر كەبى
«ئازراق يۇلۇپ قالاي» دېمەيدۇ.
نەپ قوغلىشىپ، يۈزىنى بوياپ،
مىننەت بىلەن پارە يېمەيدۇ.

هۆرمەت بىلەن تىكىلىپ ئاڭا،
بىلدىم ئىپسىل تۈزۈكلىكىنى.
چۈشەندىم، پاك خىسلەتلىرىنىڭ
بۇلاق كەبى سۈزۈكلىكىنى!

1984 - يىل



# يىراق بولسۇن مىنىڭدىن ئالەم

يەر تېگىدە ياتىدۇ يىلتىز
دەرەخلەرگە قۇۋۋەت بېغىشلاپ.
چېچەكنى كۆرسەتمەس ئەنجۈر،
بەرگەندىمۇ مېۋە يېنىشلاپ.

پولات چۈشۈق بىتون ئىچىدە،
بىنالارنى تۇرىدۇ تۇتۇپ.
سۇت بېرىدۇ سامان يەپ كالا،
چالۋاقىماس ئالەمنى قۇچۇپ.

بىلسەڭ ئاشۇ تۆھپىكارلارنىڭ
ئەل قەلبىدە ھۆرمىتى يۈكسەك.
لېكىن بەزى كىشىلەر باركى
مىكىياندىن ئۆتە پايپىتەك.

تۇخۇمچىلىك ئەمگىكى بولسا،
ھەر بىر ئۆيگە بارار قاقاقلاپ.
«ماختىمامسەن» دەيدۇ ئەيمەنمەي،
ئۇچرىغاننى تۇتۇپ سوراقلاپ.

جار سېلىشتىن يانماس ئۆزىمۇ،
شۆھرەت شۇنداق ئۇلۇغ ئۇلارغا.
ئالتۇن تۇغۇپ قويسا مۇبادا،
چىقار ئىكەن ئەرشى - ئالاغا.

بولدى، ئالتۇن تۇغمايلا قويسۇن،
يىراق بولسۇن مىننەتتىن ئالەم.
مېۋە بېرىپ، تۆھپە يارىتىپ،
ئەنجۈر خىسلەت بولسۇن ھەر ئادەم.

1984 - يىل



# هايات

1

ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي
پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ،
قۇياش
بولاپ قاچتى ئۇنىڭ
ساقىلىدىن قوندۇز رەڭگىنى.
ئوپۇق يۇتۇپ كەتتى قۇياشنى،
ئورمانلارغا يامراپ چىقتى تۈن.
بوۋاي
ئاق بۆك قىلىپ كىيدى
تولۇن ئاينى.

ئۇ ئولتۇرىدۇ قۇياشنى كۈتۈپ،
قۇياش چىقسا
تۈن بىلەن
ئالمىشارمۇ ساقىلى ئۇنىڭ؟
بېشىغا قىرلاپ قارا تەلپەكنى
باغچىلاردا يۈرەرمۇ
يارى بىلەن
ھىدىنى پۇراپ

ئۆزى تەرگەن گۈللەرنىڭ؟

2

شىلدىرلاتسا ئۇچقۇر شاماللار
دەرەخ
قويۇپ بەرمەس ھەر ياپرىقىنى،
خۇددى ئەڭ ئاخىرقى بىر ياپرىقىدەك.
مەن
قۇچاقلايمەن ھەر بىر مىنۇتنى
گوياكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدەك.

1986 ـ يىل فېۋرال



## چوشلىرىم

ئاسان قىلدىڭ قىيىننى،
قىيىن قىلدىڭ ئاساننى.
چاقىرغاندا نىگارنى
چىقارمىدىڭ زۇۋاننى.
بوغۇلدۇم، ئاھ، بوغۇلدۇم،
بۇلبۇل بولۇپ تۇغۇلدۇم.

ئىچەلمىدىم قول يەتمەي،
يارىم سۇنغان چاينى مەن.
ئوڭدا يېتىپ ئۇزۇپلا
ياستۇق قىلدىم ئاينى مەن.
ئاي ئىچىدە ئويغاندىم،
يار قوينىدا تولغاندىم.

جۇل - جۇل قالدىم تويدا مەن،
كۆزلەر مېنى يەپ كەتتى.
شاھى تونغا پۈركەندىم،
تاپىنىمدىن ئوت كەتتى.
ئوت ئىچىدە ئۆلمىدىم،
يار - يوقۇمنى بىلمىدىم.

ئەي چۈشلىرىم، چۈشلىرىم،
يالغانمۇ سەن، راستمۇ سەن.
گاھ يىغلىتىپ، كۈلدۈرۈپ،
تىرىك دارغا ئاسما سەن.
مەندىن يىراق كەتمە سەن،
قىيناپ ئەخمەق ئەتمە سەن.

1988 ـ يىل



# يىقىلماس ئابىدىلەر

## ئەھمەد زىيائى خاتىرىسىگە

يىراق كېچىلەردىن كەلدىڭ چاقماقتەك،
قەلبىڭدىن زېمىنگە تۆكۈلدى زىيا.
گىن بەردى جىسمىڭگە ئەل - ۋەتەن ئىشقى،
كۈيلىدىڭ تاڭلاردا بۇلبۇلدەك گويا.

قىممىتىڭ ئەقىدە، ۋىجداندا چاقنار،
هاياتتىن پاراغەت كۈتمىدىڭ بىراق.
جۇدۇنلار سوقسىمۇ تەكرار ۋە تەكرار،
مەشئەلدەك يېلىنجاپ ئۆچمىدىڭ بىراق.

نادانلىق - هالاكەت ۋە زۇلمەت، دېدىڭ،
بىر ئۆمۈر ئىلىمگە چىللىدىڭ ئەلنى.
ياراتتىڭ بىباها دۇردانە قۇرلار،
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن يەشمىدىڭ بەلنى.

تەلۋىچۈك بويىدا «رابىيە ـ سەئىدىن» *،
ھېلىمۇ تارىخنى تورىدۇ سۆزلەپ.
تەۋەرۈك بىزلەرگە «قۇتادغۇ بىلىك» ①،
قورلاردىن تەرىگنى كۆردۇق بىر ـ بىرلەپ.

ئونتوماس ئون تىنىسىز تۆھپىكارنى ئەل،
شۆھرەتلىك جۇلاردىن سەن ئىدىڭ يىراق.
كىم تاقىر تاغلارغا ئاغدۇرار نەزەر،
ئېگىشەر بولدۇقلاپ تورسىلا بۇلاق.

## زونون قادىرى خاتىرىسىگە

كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن تۇپراق،
ئابىدەڭنى ئىزدەيدۇ سەرسان.
يوللارنى گەر باسسىمۇ شىۋاق،
مەنزىلدە تۇغ قىلىدۇ جەۋلان.

تىۋىشىڭدىن ئۇلغايغان سەپەر،
سەپ ئالدىدا نەۋقىران ئىدىڭ.
چەيلىسىمۇ قىسمەت سەندىلى،
باش ئەگمىگەن، سولمىغان ئىدىڭ.

توغراقلارنىڭ كۆز ياشلىرىدا،
ئەسلەر سېنى تارىم ۋادىسى.

بەرگەنندى شاھانە ئورۇن،
ساڭا ئەلنىڭ كۆڭۈل خانىسى.

سەن ئۇمىدۋار بۈيۈك چال ئىدىڭ،
«توي» * ئويناتتىڭ ماغدۇر كەتسىمۇ. *
چېنىقمىغان مەتنىياز بۈگۈن،
چاچ ئالدۇرساڭ تەكرار كەستىغۇ. ②

«غۇنچەم» * تېخىچە تۇرۇپتۇ ياپ - ياش،
كۆتەر سېنى ئالمىلىق باغدا.
ناخشا ئېيتىپ كەتتى «گۈلنىسا» *،
كېلەرسەنمۇ سېغىنغان چاغدا.

## تېيىپجان ئېلىيوپ خاتىرىسىگە

راست !
تۇگىمەيدىغان ناخشا ئىكەن بۇ،
«سەنمۇ ئېيتىپ تۇگىتەلمىگەن» .
تالاي - تالاي مەنزىل تۇرۇپتۇ،
سەن كۆزلىگەن، بىز يېتەلمىگەن.

ۋەتەن ھەققىدە ئوقۇساڭ غەزەل،
ناۋائى مەمنۇن باققاتتى ساڭا.
دىرىم كوۋرۇكىدە ياڭراپ ئاۋازىڭ، ③
ئالقىش سەل بولۇپ ئاققانتى ساڭا.

شېئىر مىللىتى دېسە خەلقىمنى،
سېنىڭ نامىڭ يادلىنار ھەرۋاق.
ئىز باسماقتا ئۇمىدلىك قوشۇن،
سەن سەركەردە، سەن ئاڭا بايراق.

پاختەكلىدە يازغان خېتىڭ بار، *
«چال ئوغلۇم» * دەپ قىلغان خىتابىڭ.
«ئۆلۈپ كەتتى ۋالاقتەككۈرۈۋ» ،
ئېغىر كەلگەن چېغى جاۋابىڭ.

يۈرەكلەردىن كۆچتى يۈرەككە،
«يۈرتنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىڭ» *.
«ئارچا» * مىدۇر، «كەۋسەر» * مىدۇريا،
ھەجەپ ئىللىق پۈرار بەتلىرىڭ.

«زەپ چىرايلىق كەلگەنتى باھار» ، *
«شۇندىن بېرى» * سەن يوق قاتاردا.
جىمىپ قالدى «شېئىر مەشرىپى» * ،
«يىغا تۈتتى بىزنى باھاردا» *.

## ئابدۇكېرىم خوجايۈپ خاتىرىسىگە

يۈرەكلەرنى ئۆرتەپ شۇم ئەجەل،
ئېلىپ كەتتى سېنى باھاردا.

قالدى بىزگە سەندىن تۆت باھار، ④
بەلكىم سىغىپ كەتتىمىڭ باھارغا.

باھارنىڭمۇ ھەيكىلى بارمۇ،
بولسا «ئىككى ھەيكەل» * تىكلەيمۇ؟
شۇندا شېرىن سۆھبەت قۇراتتىمىڭ،
سەن ئېگىزدە، مەن پەس، دېمەيمۇ.

«جەننەت نەدە دېسەڭلار» * دوستلار،
باھار سۆيگەن شائىر قەلبىدە.
قاسراق تاشلاپ جۇدۇندىن كېيىن،
ئۆتۈپ چىقتىمىڭ يېڭى بەيگىدە.

شارلار تېغى، باغداش باغلىرى،
«ئۆزلە قېنى» سورايدۇ يىغلاپ.
«پارچە» * يېزىپ يۈرگەندۇر شائىر،
كۆكلەم بولۇپ كېلەيلى چىللاپ.

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر خاتىرىسىگە

كارۋان يولىدا كۆمۈلمەس «ئىز» * ىڭ،
جانلانماقتا «ئويغانغان زېمىن» *.

يېتىلمەكتە ئوغۇل ۋە قىزىڭ،
ئۇلار دەريا، ئۇلار زور ئېقىن.

چاقناپ تۇرار «قەشقەر كېچىسى»*،
يۇلتۇزكەبى مۇڭلارنى تۆكۈپ.
بوغدا ئاتا ئاق لىچەك ئارتىپ،
سېنى ئەسلەر خىيالغا چۆكۈپ.

تاۋۇتۇڭنى باشلارغا ئېلىپ،
ئۇزاتقانتى جانىجان ئېلىڭ.
ئەلنىڭ قەلبى سېنىڭ جەننىتىڭ،
نۇرلانماقتا ئۆمۈر مەنزىلىڭ.

## زوردۇن سابىر خاتىرىسىگە

سوقۇپ تۇرار ھېلىمۇ «ئاۋرال شامىلى»*،
تىنىقىدا ئارچىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى.
«قوشنىلار»* غا ئەگىشىپلا سەن كەتتىڭ بىردىن⑤
جىمىپ قالدى ھىسامكامنىڭ شوخ چاقچاقلىرى.

سېنى قانداق ئۇنتۇيدۇ «ئىھ، توپىلىق يوللار»*،
«جىگدىلەرمۇ پىچىرلايدۇ»* نامىڭنى يادلاپ.

«بوش كەلمەيدۇ تۇرپانلىق» * لار، «دولان
ياشلىرى» * ،
يېڭى ئەسىر قۇچىقىغا كىرگەندە ئاتلاپ.

1999 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر



# ئىزاھاتلار

* بەلگىسى قويۇلغانلىرى ئەدىپلىرىمىزنىڭ شۇنامدىكى ئەسەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

① ئەھمەد زىيائى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگەن ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى.

② مەرھۇم زۇنۇن قادىرى 1989 ـ يىلى بىر نائۇستا ساتىراشقا چاچ ـ ساقال ئالدۇرغاندا بىر نەچچە يېرى كېسىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە ياللۇغلانغان ھەم جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغانىدى.

③ تېيىپجان ئېلىيوپ 1982 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيىنىڭ سترۇگا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرىيەت بايرىمىدا شېئىر ئوقۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

④ شائىرنىڭ «ئونىنچى باھار»، «باھار ناخشىسى»، «تۇپراق، باھار ۋە مەن»، «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» ناملىق تۆت توپلىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ يېقىن قوشنىسى پېشقەدەم ژۇرنالىست، شائىر ئابلىمىت سادىقنىڭ ئايالى ۋاپات بولۇپ ئەتىسىلا ئالەمدىن ئۆتتى.

# رەڭدار تۇيغۇلار



## ۋەتەن ئىشقى

دىيارىم سەن ئۇلۇغ جۇڭخۇا سېنى كۆيگە قاتاي دەيمەن،
ئىجادىم غۇنچىسىنى ئاي جامالىڭغا تاقاي دەيمەن.

قەدىرلىك تۇپرىقىڭ گۆھەر، گىيا - تاشىڭ مىسالى زەر،
شۇ تۇپراقتا بولۇپ ئېقىن يېقىپ باغرىم ئاقاي دەيمەن.

ھاۋايىڭدىن ھوزۇر تاپسام كۆنۈمكى مىڭ ئەسىرگە تەڭ،
شۇڭا ئۆلسەممۇ قەبرەمدە ھاياتتەكلا ياتاي دەيمەن.

بەخت سەندە، قەدىر سەندە، ھاياتنىڭ لەززىتى سەندە،
ئەجىر قەنتى ئىلىم پەندە، شۇنى جەڭدە چاقاي دەيمەن.

سېنىڭدە ياشىغاچ تاتلىق، سېنىڭچۈن ئۆلمىگىم شاتلىق،
گېزى كەلسە شۇڭا جاننى ساڭا تەقدىم قىلاي دەيمەن.

1979 - يىل 30 - سېنتەبىر

# مېنىڭ يارىم

ئايا، دوستلار، قەيىسمەن، بىر گۈزەلگە ئاشىنا يار بولدۇم،
گويا ئاھۇ كەبى ئول يار نىگاھىغا شىكار بولدۇم.

ئاڭا باغلاندى دىل رىشتىم، بولۇپ جىسمىگە پەيۋەندە،
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام شۇ ھانە مەن بىمار بولدۇم.

ئۇنى مەن ئوخشىتارمەن كۆكتىكى جانان تولۇن ئايغا،
ئۇنىڭ نۇرى بىلەن سىرداش بولۇپ تۈنلەر بىدار بولدۇم.

ـيادە كەتمىگەي ئېيتسام ئۇنى نۇرلۇق قۇياشىم دەپ،
چىرايىم زەپىرانتى نۇر ئېمىپ ئۇندىن ئانار بولدۇم.

ئۇنىڭ ئابى شىكەردەك لەۋلىرىدىن ئىلتىپات ئالغاچ،
ـى چۆلدە چاڭقىغان كارۋان كەبى ھەردەم خۇمار بولدۇم.

ۇنىڭ ئىشقى دىلىمغا نۇر، تېنىمگە بەردى كۈچ، دەرمان،
اشاردىم، يايرىدىم كۆكلەپ ئېگىز تاغدا چىنار بولدۇم.

باھار كەلگەچ نىسىپ بولدى ماڭا بۇ ھۆرۋسال پەيتى،
بىلەمسىز قانچە يىللاپ مەن ئۇنىڭغا ئىنتىزار بولدۇم.

شۇ ئۆسمۈر چاغدىلا چۈشكەچ بېشىمغا ئىشقى سەۋدايى،
يېتەلمەستىن ئاڭا ھىجران چۆلىدە بەكمۇ زار بولدۇم.

پۈتۈپ شۇ ئىنتىزار چاغلار ــ مانا يار ۋەسلىگە يەتتىم،
بۇ شاتلىقتىن مۇھەببەت نەغمىسىدە شوخ دۇتار بولدۇم.

ئۇنى جەننەتتىكى پەيكەر ــ پەرىگە ئوخشىتالمايمەن،
ۋاپادار ئۇ جىمى ياردىن، ئاڭا چىن دىلپىكار بولدۇم.

شېرىندۇر ئۇ شاراپ تۇتقان ئابى زەمزەم بۇلاقىدىن،
شۇڭا پەرھات بولۇپ تاغلار ئارا گۆھەر قازار بولدۇم.

سەپەرلەر بەيگىسىدە بىللە بولغاچ ھەر قاچان ئۇل يار،
گويا تۇلپار بولۇپ بەيگە بېشىدا تېز چاپار بولدۇم.

ئۇنىڭ شەمئى ــ نۇرىدىن بۇ كۆڭۈل باغىم گۇلىستاندۇر،
شۇڭا دىل مۈلكىدىن ئەلگە قىزىل لالە تۇتار بولدۇم.

مېنىڭ بەخرىم، غورۇرۇم، شەۋكىتىم، شانىم، قاناتىم ئۇ،
دېيىشكە مەن شۇڭا ھەقلىق، ئۇنىڭسىز شەرمسار بولدۇم.

ۇشەنگەنسىز بۇ ئوتلۇق ئىشقى نامەمنىڭ ئورامىغا،
ىلىم ـ ئىرپان ئىرور يارىم ـ ئۇ بىرلە شان تاپار بولدۇم.

گۈن بەختلىك يىگىتمەن ئاشۇ يارنىڭ ۋەسلىنى قۇچقان،
ۇڭا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل كەبى نەزمە قاتار بولدۇم.

1980 ـ يىل مارت



# تۆيۇقلار

ئەي، خەلقىم، جاپالىق ئىشقا سال مېنى،
ئۆت، چوڭقۇر دەريادىن قىلىپ سال مېنى.
ۋاپادار ئوغلۇڭ مەن، ئەجرىڭدە ئۆسكەن،
يالتايسام يولۇڭدىن، راسا سال، مېنى.

* * *

مەيلى مەن قوغلىناي دوزاق بار ياققا،
ۋە ياكى تاشلىناي قايىنغان ياغقا.
ۋەتەندىن كەچ دېسە، كەچمەيمەن ھەرگىز،
ئۆگەنگەن تىلىم بۇ سوراقتا «ياق» قا.

* * *

ۋەتەن ئۈچۈن يالىڭاياق قارلارنى كەچ،
گېزى كەلسە قانلار تۆكۈپ جاندىنمۇ كەچ.
ئىزىڭ قالسۇن، قانلىرىڭدىن ئۈنسۇن لەيلى،
شۇندا خەلق يادلار سېنى سەھەر ۋە كەچ.

1982 ـ يىل

# سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراق

ئانا مەكتىپىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىـ
ـقىغا بېغىشلايمەن)

شاتلىنىپ نە ئۇچۇن ئېيتماي مەن قوشاق،
بېشىڭغا ئەللىك تال سانچىغاندا ئاق.
ئاق نۇرۇڭ يورۇتقان قەلبىم تېڭىدا،
تەشەككۇر شەپىقى كۆتەردى بايراق،
سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراق.

* * *

يادىمدا، تېخىچە كۆپ نادان ۋاقتىم،
جاھاننى جامچە بار دەيدىغان ۋاقتىم.
ئۇزاتتىڭ ئانىجان، شەربەت جامىنى،
چۆل كەبى تەلمۈرۈپ چاڭقىغان ۋاقتىم.

تۇمانلىق قەلبىمنى يورۇتقان ئۆزۈڭ،
مىللەتنى، غورۇرنى تونۇتقان ئۆزۈڭ.
ئەل ئۇچۇن ئۆگەنگىن ھەمدە ياشا، دەپ،
يېڭىلمەس ئىستەكلەر ئۇرغۇتقان ئۆزۈڭ.

سۆزلەشكە بۇلبۇلدەك سۆز بەردىڭ يەنە،
بۇركۇتچە نۇرانە كۆز بەردىڭ يەنە.
هايات سەھنىسىدە ھەر كىم قاتارى
مەردانە تۇرۇشقا يۈز بەردىڭ يەنە.

ئاشۇ چاغ يادىمدىن زادىلا كەتمەس،
تاقىر باش ئۇستازىم ئۆتكەن تۇنجى دەرس.
چاقماق ئۇ، بوران ئۇ، قۇياش نۇرى ئۇ،
ئېگىمنى ئويغاتقان بۇيۇك، مۇقەددەس.

ئۆگەتتى ئۇ ماڭا مەھمۇد، يۇسۇپنى،
ئۇيغۇرنى، لوتۇننى ۋە لېرمونتوپنى...
كەشپىيات يولىغا باشلىدى ئۆزى،
تەپەككۇر ئۆيۇمدىن چىقىپ قۇلۇپنى.

ئاھ، تۆت يىل ۋەزنى تەڭ قىرىق يىلغا ساق،
ئۆگەنسەڭ، ئۆگەنسەك زادى قانمىساق.
ئېتىلىپ تۇراتتۇق، يېنىپ تۇراتتۇق،
زېھنىمىز تىنىمسىز ئۇزەتتى ساداق.

كۆل بويىنى ئايلىنىپ دوستلار يانمۇ - يان،
تۇنلىرى شېئىرلار يادلايتۇق ھامان.
بۇغدادىن قايتاتتى ئەكس سادامىز،
تىنىق كۆل تەۋرىنىپ قالاتتى بىر ئان.

ۋاھ، ئەنە تۆت يىللىق قەدىناس ئۇۋام،
گۇگۇمدا قارىيىپ كۆرۈنەر ئاران.
كېچىسى باشلانغان بەس - مۇنازىرە،
بۇندا تاڭ ئاتقىچە قىلاتتى داۋام.

ئېسىمدە بۇندىكى خاتىرە تامام،
زېھنىمىز شۇ جايدا بولغانتى قىيام.
ئۆتكۈزۈپ باشلاردىن تالاي ئىسسىق - سوغ،
يېتىلدۈرگەن ئىدۇق ئاجايىپ چىدام.

مەن ئەمەس، بىز ئەمەس، بۇندا مىڭ - مىڭلاپ،
قەيسەرلەر يېتىلدى يالقۇنلاپ - چاقناپ.
ھەقىقەت ئوتىنى ياقتى ئۇستازلار،
شەپەرەڭ، قۇزغۇنلار يۈرسىمۇ ماراپ.

مەكتىپىم، سەن - ئەقىل نۇرى، زىياسى،
مەكتىپىم، سەن - بۇركۇت، لاچىن ئۇۋىسى.
مەغرۇر باش كۆتۈرۈپ تۇرغان شۇ بۇغدا،
تۆھپەڭنىڭ گۇۋاھسى، پىرامىداسى.

بولمىساڭ سەن بىزگە بۇ ئەقىل نەدە؟
ئورنىمىز بولماتتى ئەڭ تۆۋەن يەردە؟
سىيىتنىڭ تارىخى قايتىلانماتتى
نامەرتنىڭ قېلىچى يالتىراپ يەنە؟!

ئەللىك يىل قۇدرەتكە چىلىڭ تولغان چېغىڭ،
ياشىرىپ دەرىيادەك ئۇلغايغان چېغىڭ.
ئەۋلاتلار يېتىلدى، يېتىلەر يەنە،
تائەبەت قۇرۇماس مەرىپەت بېغىڭ!

*　　*　　*

شاتلىنىپ نە ئۈچۈن ئېيتماي مەن قوشاق،
بېشىڭغا ئەللىك تال سانچىغاندا ئاق.
ئاق نۇرۇڭ يورۇتقان قەلبىم تېگىدا،
تەشەككۇر شەپىقى كۆتەردى بايراق،
سەن ئالتۇن بولاقسەن، سەن ئۆچمەس چىراق.

1985 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىر

## مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن

«ۋار» قىلىپ بالىنىستىن چىقتى بىر سادا،
دۇنياغا كەلدى ـ دە، ئاھ، تىرىك بىر جان.
بۇ يىغا ساداسى ـ بەخت ناۋاسى،
ئاتىنىڭ يۈزىگە ئۇرغۇپ چىقتى قان.

قوللاردىن ـ قوللارغا يۆتكىلەر بوۋاق،
شاتلىقتىن چېھرىلەر نۇر تۆكەر تال ـ تال.
بېسىقماس بوۋاقنىڭ يىغىسى بىراق،
تىپىرلار قۇچاقتا، بىر تايچاق مىسال...

دۇنيادا ھەر كۈنى شۇنداق يىغىلار،
ئېپ كېلەر قانچىلاپ دىللارغا شاتلىق.
بۇ يىغا ئانىغا بەخت تۇيۇلسا،
ئەجەپكىن، بالىجان نالەيدۇ ئاچچىق.

بەرھەق، راست! ھېچكىممۇ ئانا قارنىدىن
ۋىلىقلاپ كۈلگەنچە تۇغۇلغان ئەمەس.
(كۈلسە بىر دەھشەتقۇ؟) شۇڭلاشقا يىغا
ھېچكىمگە غەلىتە تۇيۇلغان ئەمەس.

يىغىنى گويا كى ناخشا بىلگەندەك
ئارامسىز ئىسەدەپ تۇغۇلغان مەنمۇ.
بۆشۈككە ۋۇجۇدۇم تىڭىلغاندا چىلڭ،
تۇن بويى يۇلقۇنۇپ بوغۇلغان مەنمۇ.

ئويلايمەن شۇ يىغام ۋەجىنى ئەمدى،
خىياللار ئىزىتقۇ، خىياللار سەبى.
ئويلايمەن، شۇ سەۋەب ئايان بولسۇن، دەپ،
بۇلۇتلار كەينىدىن ئاي چىققان كەبى.

بەك ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن بىلىندىمۇ يا،
توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ياتسام قوساقتا.
ئەشۇ چاغ ئارزۇلار ئارام بەرمەستىن
تەلپۈنگەنمىدىم يا كەڭرى يايلاقتا؟

ۋەياكى بىلدىمۇ يۇمران تېنىمنىڭ
زاكىغا ئەركىسىز باغلىنىشىنى؟
قۇياشقا قول سوزۇپ تەلپۈنەلمەستىن
سۈت كەبى باغرىمنىڭ داغلىنىشىنى؟

ۋەياكى ئانامنىڭ ئازابلىرىغا
تۈلىگەن بەدەلنىڭ يىغىسىمۇ بۇ؟
ۋەياكى كەلگۈسى ھۆر ھاياتىمنىڭ
ھارپىسى، بەلگىسى، جىلۋىسىمۇ بۇ؟

مەيلىلا نېمىدىن بولسۇن ئۇ يىغام
بىھۇدە ئەمەسكەن نالە يۇ، پەرياد.
ئاسايىش يىگەركەن غەم - غۇسسىلەرنى،
قۇدرەتلىك تەلپۈنۈش تاپاركەن مۇرات.

سۈمۈردۈم مەن ئانام سۈتىدىن شاتلىق،
يىغامغا بىر - بىرلەپ قويۇلدى چېكىت.
كۈلۈشنى ئۆگەندىم، كۈلۈپ چوڭ بولدۇم،
دېمەيدۇ ھېچكىممۇ يىغلاڭغۇ يىگىت.

زامانەم كېپىلدۇر كۈلكەمگە مېنىڭ،
تەۋرىنەر بەختىنىڭ قوينىدا خەلقىم.
بۆشۈك ئەمەس ئەمدى مەن تولپار ئۈستىدە،
قۇياشتىن نۇر ئېلىپ يېتىلدى ئەقلىم.

بۇلۇتلار باغرىنى تېشىپ چاقماقتەك،
تەپەككۇر كۆكىدە چاقنىيالايمەن.
دالىدا تاشلاردىن يالقۇن چاچرىتىپ،
بەھوزۇر قىيىغىتىپ تاقلىيالايمەن.

ئېزىتقۇ يامراتقان ئاچچىق ئىسرىقلار،
كۆزۈمنى زىنھاركى ياشلىيالمايدۇ.
كۈلىمەن، تۇمانلار ئىچىدىن بالقىپ،
ئېڭىمنى غەپلەتكە باشلىيالمايدۇ.

ئاجايىپ مۇئەمما ھايات قىسمىتى،
كىملەرنى يىغلىتىپ كۈلدۈرمىگەن ھەم.
چوغلۇنۇپ ئېچىلغان ئەتىرگۈل چېغى،
تاڭ پەيتى مەڭزىدە يالتىرار شەبنەم.

كۈلىمەن، خەلقىمىز قۇچقاندا زەپەر،
كۈلىمەن، مۇھەببەت تاپقاندا ۋىسال.
كۈلىمەن جاپالار ئالدىدا مەغرۇر،
ئۆلۈممۇ چېھرىمنى قىلالماس ئوسال!

مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم، كۈلۈپ ياشايمەن،
بۇ خەلقىم ئۆگەتكەن قەيسەرلىكىمدىن.
ئۆلسەممۇ تەبەسسۇم بىلەن كېتەرمەن،
ھاياتنى سۆيگۈچى چىن ئەرلىكىمدىن.

1986 ـ يىل سېنتەبىر

# پەخرىم

ئادەمەن
ئادىمىلىك سۆيىتىمدىن،
سېزىمەن تاغدەك غورۇر ئىپتىخارنى.
بار مەندە ئادەمگە خاس خىسلەت، ۋىجدان،
تەڭرىدىن تىلىمەيمەن بەخت، باھارنى.

بۇ ۋىجدان ۋۇجۇدىمغا جان بېغىشلاپ
ياشنىتار مېنى دائىم پاك ھېسسىيات.
بىلىمەن غەزەپلىنىش ھەم كۈلۈشنى،
تەپەككۇر ئاسمىنىدا قېقىپ قانات.

ۋە لېكىن قانات ماڭا لازىم ئەمەس،
ئۇچۇشنى خالىمايمەن سامالاردا.
ئايرىلماي ئانا تۇپراق قۇچىقىدىن،
ماڭىمەن يالاڭ ئاياق دالىلاردا.

ماڭىمەن گۈزەل پارلاق مەنزىل تامان،
چۆللەردە ۋە تاغلاردا ئىز قالدۇرۇپ.
يورمەيمەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەزەن ئېيتىپ،
خاتىرە مۇنارىنى ھەم سالدۇرۇپ.

تەھقىقكى تاماسىزمەن،
خالىمايمەن
بولۇشنى ئوردىلارنىڭ تاجىسىمۇ.
بولمايمەن پاكالارنىڭ ئېگىزرەكى،
ۋە ھەتتا ئېگىزلەرنىڭ سايىسىمۇ!

راست، دوستۇم،
ماڭا قانات ھاجەت ئەمەس،
قاناتلىق تەرك ئېتەركەن دىيارىنى.
مەن ئۆستۈم ئانا تۇپراق قۇچىقىدا
سۆيىمەن ئۇنىڭ قىشى، باھارىنى.

راست دوستۇم، ماڭا قانات ھاجەت ئەمەس،
ماڭىمەن بۇتۇپراقتا ساپ تەر تۆكۈپ.
تۇپراققا ۋە خەلقىمگە تەسەددۇقمەن،
ئۆلسەممۇ دۇم ياتىمەن يەرنى سۆيۈپ.

*　　*　　*

ئادەممەن
ئادىمىلىك سۈپىتىمدىن
سېزىمەن تاغدەك غورۇر ــ ئېپتىخارنى.
تائەبەت ئاددى ۋە پاك بىر ئادەم مەن!
ئەقىدەم زىكىر قىلار بۇ شۇئارنى.

1986 ــ يىل

## دەريادىن چۇقان...

گۈزەللىك ئىشقىدا يۈرىكىم ئاتەش،
چاقنىغان ھېسلىرىم باشلايدۇ مېنى.
كېلىمەن ساھىلنى بويلاپ يېگانە،
خىيالىم دولقۇنغا تاشلايدۇ مېنى.

لەڭ ئۇرۇپ ئاقىدۇ دەريا تىنىمسىز،
بېتىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈكلۈك ئايان.
ئېقىمىدا نۇرىنى چايقايدۇ قۇياش،
تەلمۈرۈپ ئەكسىنى كۆرەر ھەم ئاسمان.

كۆمۈشتەك ئېتىلىپ تۇرغان بۇژغۇنلار
ئەسلىتەر ئالمىنىڭ چېچەكلىرىنى.
مۇلايىم ئېقىشى رايىش تەۋرىنىپ
كۆرسىتەر لەيلىنىڭ بىلەكلىرىنى.

چوقىدىن باشلانغان ئەي دەريا، ساڭا
قوشۇلدى قانچىلاپ ئەگىز ۋە - قىيان.
سۆيۈگنى بۇلغىماق قەستىدە چۈشكەن
ئەخلەتۇ - چاۋالاركەتكەندۇ قايان؟

ھە مانا ئالدىمدا ئۇلۇغ دولقۇننىڭ
ساھىلغا ئۇرۇلۇپ شىۋىرلاشلىرى.
قىرغاققا قىستىلىپ قاپتۇ خەس - چۆپلەر،
تۇرقىدا بىچارە قىمىرلاشلىرى...

بۇ قىزىق مۇئەمما، بۇ جەزبىدىن
قىلدى پاك بىر تۇيغۇ روھىمدا جەۋلان.
كەلمەكتە دەريانىڭ شاقىرىشىدىن
گۈزەللىك غالىپتۇر دېگەن بىر چۇقان!

1987 - يىل



# سەھرا يولى

يادىمدا جىلۋىلىنەر گۈزەل چۈشتەك
بالىلىق شوخلۇقلىرىم سىڭگەن يوللار.
تومۇزدا يالىڭاياق چاپچىپ يۈرۈپ،
چىۋىقنى تۇلپار قىلىپ مىنگەن يوللار.

بىر ئۇچى ئۇپۇق بىلەن قۇچاقلاشقان،
(بىلمەيمەن، قاچان بىنا بولدىكىن تاڭ؟)
ھەر سۆيۈپ ئۆتسە ئۇنى ئىز - تۇياقلار،
سەھەرنىڭ تۇمانىدەك ئۆرلەيدۇ چاڭ.

سۆيىدۇ باھار ئۇنى ئەڭ دەسلىپى،
يېشىللىق تونىغا ئۇ چۈمكىنىدۇ.
قاسىنقى ئەسىر كۆرگەن قېرى ئۈژمە،
سوپىياڭ ئۆتسە سايراپ، تۆكىلىدۇ.

ۋادىسى گىرەلەشكەن كۆجۈم مەلە،
تۇتىشىپ كەتكەن تامام باغ - ۋارانلار.
پەرىلەر تىنىقىدەك شوخ شامىلى،
ئاھ، جاننىڭ ھوزۇرىدۇر خىيابانلار.

شىلدىرلاپ بويلار ئۇنى سۈزۈك ئېقىن،
قىرلاردا ئىپار ھىدلىق ياۋا چېچەك.
شاخلارنى سەھنە قىلىپ سايرار قۇشلار،
تىلىدىن مۇقام تۆكۈپ ئىتەك ـ ئىتەك.

نەقەدەر سۆيۈملۈك ـ ھە، سەھرا يولى،
تىنمايدۇ جۇشقۇن ھايات شامۇ ـ سەھەر.
ھەر ياپراق ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن
كۆلكىلەر، پىچىرلاشلار، مۇڭ ۋە دەرتلەر.

ماڭىدۇ
ماڭغان بۇندىن تالاي ئىنسان،
جاپادىن كېيىن خۇشال تويلار تارتىپ.
ئاچلىقتىن ماڭغان گاھى «يادوس» ئېيتىپ،
ئەمدىچۇ، ئۇلاقلارغا ئاشلىق ئارتىپ.

جىلتامنى ئېسىپ مەنمۇ ماڭغان بىر چاغ،
ئېپقالغان ئۇ مەن ئېيتقان قوشاقلارنى.
ئەقلىمنى ئۇپۇقلارغا يېتەكلىگەن،
كۆرستىپ نۇر چاقنىغان يىراقلارنى.

بىلىمەن، مۇنبەرلەردە ئالىم بولۇپ،
شان ـ شەرەپ قۇچقاننىمۇ ئۇزاتقان شۇ.
ئۇستىگە چاڭ قوندۇرماي، سامالاردا
پەرۋاز قىپ ئۇچقاننىمۇ ئۇزاتقان شۇ.

سېغىندىم بۇگۈن سېنى سەھرا يولى،
تەلپۈنۈپ ئېگىز ـ ئېگىز بىنالاردىن.
ماڭغىنىم بار يالىڭاياق توپا كېچىپ،
سىرىڭنى تىڭشاپ ھەر گۈل ـ گىيالاردىن.

1987 ـ يىلى ئىيۇن



# قەدىناس شەھىرىم

قەدىناس ئۈرۈمچى سۆيۈملۈك شەھىرىم،
ھۆسنۈڭگە زوقلىنىپ تويماي باقىمەن.
ھەر باقسام يېڭى تۇس كۆرىدۇ قەلبىم،
تېرەمگە سىغمايمەن، قوشاق قاتىمەن.

كېچىسى كۆكتىمۇ يەردىمۇ يۇلتۇز،
ئوخشايدۇ قۇچىغىڭ نۇر دۇنياسىغا.
سەھەرلەر كوچاڭدا يۈرسەم بەھۇزۇر،
چىگىلىپ كېتىمەن نۇر تالاسىغا.

ئادەملەر قۇياشتىن تۇغۇلغاندەكلا،
ھۆسنىدە بەختىنىڭ نۇرى ئوينايدۇ.
تۇرقى گۈل، كۈلكىسى بىر ئېتەك غۇنچە،
نىگاھى سەندىن ھەم ئەتىر سورايدۇ.

باشقىچە بىر دۇنيا ئاۋات رەستىلەر،
توي ـ مەشرەپ بولغاندەك شوقەدەر قايناق.
ئالىسەن بۇ يەردىن ساماغا ئەنداز،
باققاللار ساداسى يۈز ئاچقۇ قوشاق.

كىم كۆرگەن بۇنچىلىك مەمۇرچىلىقنى،
جاڭ چەنمۇ، چىڭگىزمۇ، قەشقىرىمۇ يا؟
يېڭىلىق شامىلى ھەر بىر تىنىقىڭ،
ئۆزگىرىپ بارماقتا ھەر تاش، ھەر گىيا.

تۇنۇگۇن قىيسىيىپ تۇرغان ئەسكى تام،
دۇمچەك ئۆي ئورنىدا ئىشلار باشقىچە.
لىككىدە ئۆرلەيدۇ كۆككە بىنالار،
كۆزۈڭنى بىر دەقىق يۇمۇپ ئاچقىچە.

قارىغىن، ئەمدى ئۇ بىنا ئۈستىدە
جاڭجالچى كانايىنىڭ يوقتۇر مۇنبىرى.
پەرۋاز قىپ ئەگىيدۇ بىنا ئۈستىدە
شاتلىققا چۆمۈلگەن تېچلىق كەپتىرى.

كۆۋرۈكلەر قونماقتا باغرىڭغا شۇ تاپ،
قەلبىڭدەك ئۆركەشلىك دەريانى ئاتلاپ.
ئۈمىدلەر ۋەزنى بار ئەشۇ كۆۋرۈكتە،
تۇرىدۇ بۇگۇننى ئەتىگە ئۇلاپ.

ئۇرۇمچى يوللىرىڭ كەڭرىمەكتە تېز،
قاسىنىقى باراقسان، كۆكسىدە چېچەك.
دوخمۇشلار گۈل قەسرى، گۈللەر ھۆسنىدە
جىلۋە قىپ تۇرىدۇ نۇرلۇق كېلەچەك.

تارلىقنىڭ دەردىنى تارتتۇق ئەجەپمۇ،
ئەمدى كەڭ بولماقتا مانا يولىمىز.
بۇ يولدا زىمىستان كۆرمەي ماڭساق، دەپ،
تىلەيمىز نۇر كۆرگەن چاغدا دولىمىز.

1985 - يىل



# تۆكۈلمەكتە سارغايغان ياپراق

تۆكۈلمەكتە كۈز شامىلىدا
دەرەخلەردىن سارغايغان ياپراق.
ياپراقلارنىڭ شىۋىرلىشىدىن
مەن ئاڭلايمەن گويا بىر قوشاق.

دەيدۇ ياپراق:
بۇ ئايرىلىشتىن
سەزمەس دىلىم قىلچە دەرت - پىراق.
يېشىللىقنىڭ سولماقلىقى بار،
ھاياتلىقنىڭ قانۇنى شۇنداق.

ئارمانسىزمەن، بۇ ھاياتىمدا
ئەلگە بەردىم يېشىللىقىمنى.
مەڭگۈ قۇچۇپ ياتالايتتىمۇ
بۈيۈك دەرەخ - ئانا شېخىمنى؟...

پەخىر بىلەن كېتىمەن بۈگۈن،
بۇ، ئارمانسىز تۆكۈلۈش شۇنداق.
تۆكۈلمىسە سارغايغان ياپراق،
يېڭى بىخلار كۆكلەيەۋ قانداق؟!

*　　*　　*

شىۋىرلايدۇ زەررەلىك ياپراقلار،
باغاشلايدۇ ئۆلارنى تۇپراق.
خەۋەر بېرىپ يېڭى كۆكلەمدىن،
كۆز شامىلى توۋلايدۇ قوشاق...

1985 ـ يىل ئاپرېل شاڭخەي



# دەريا ۋە دېڭىز

يۈگەنسىز تۇلپاردەك ئويناقلاپ
ئاقىدۇ دەريالار شىددەتلىك.
قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ تىنىمسىز،
نەرىلەر تارتىدۇ ھەيۋەتلىك.

شۇ قەدەر قۇدرەتلىك دەريالار،
دېڭىزغا قۇيۇلار ئاقىۋەت.
شاۋقۇنى چىپپىدە جىمىيدۇ،
مۇرانتقا يەتكەندەك ئەزىمەت.

نەچچە مىڭ دەريا يۇ - ئېقىننى
ئالىدۇ شۇ دېڭىز قوينىغا.
ۋە لېكىن مۇلايىم تەۋرىنەر
ئوخشاپ ئۇ بىر ۋەزمىن ئانىغا.

زوقلىنىپ بىپايان دېڭىزغا
چۈشەندىم ھاياتنىڭ بىرسىرىن.
بىرلىكتىن كۈچ - قۇۋۋەت تۇغۇلار،
كەڭلىككە مۇھتاجدۇر تار ئېقىن.

1985 - يىل ماي، شاڭخەي چۈنمىن ئارىلى

# كۆك دېڭىز

كۆك دېڭىز، كۆپ ـ كۆك دېڭىز،
خىسلىتىڭ زەپ كۆپ دېڭىز.
چايقىلىپ تۇرغان سۇيۇڭ
زۇمرەتمۇ ياكى كۆك قېمىز؟

تاڭ شامىلى يۇزلىرىڭنى
چايقىغان ئاسمانمۇ سەن؟
شىشىدەك سۇزۇك بېتىڭ،
يوق چېكىڭ
قەلبىڭ تىرەن.

سۇت ئېمىپ ھۆسنىگە تولغان
شۇ تولۇن ئايدۇر قىزىڭ.
يا سەدەپ يەمدۇ تېگىڭدە،
نۇرغا زەپ بايدۇر قىزىڭ[1]

كۆكسىگە چوغلۇق تاقاپ
چىققان قۇياش ئوغلان ساڭا.

① دېڭىز بويىدا تۇرۇپ قارىغان كىشىگە ئاي بىلەن كۇننىڭ خۇددى دېڭىزدىن چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىچكۈزۈپ ئانار سۈيى
ئىشقىڭنى تۆككەنمۇ ئاڭا؟

يالتىرار ئۇ كۈندۈزى
ئەلگە تۆكۈپ زەر نۇرىنى.
سەير ئېتەر ئاي تۈنلىرى
باقىقا يېيىپ ئاق تورىنى.

ئەي، ئەزىم كۆپ - كۆك دېڭىز،
سەن بۈيۈك ئۆلمەس ئانا.
ئاينى تۇغدۇڭ كۈننى تۇغدۇڭ،
زوقلىنار ئالەم ساڭا.

1986 - يىل ماي چۈنمىن ئارىلى

# قۇملۇق ۋە دېڭىز

قاي تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بۇ،
بىر بىرىنى ئايرىپ تاشلىغان؟
يىراقلاردىن تۇرۇلۇپ كېلىپ،
ساھىللارغا تىنماي يامىشىپ،
ئىنتىلىدۇ دېڭىز قىرغاققا،
ئۇ چىقماقچى بولغاندەك
گويا تۇپراققا،
كۆز ياشلىرى
قىيالاردا
ئايلىنىدۇ كۈمۈش مۇنچاققا...
ئەسىرلەر بويى
سۇغا زار بولۇپ،
ياتار چاڭقاپ بىپايان قۇملۇق.
باقسالڭ ئاڭا
يېشىللىقتىن ھېچ نىشانە يوق.
يەتكىنىدەك خۇددى قېرىلىق
يۈزلىرىدە تۇمەن مىڭ قورۇق.
قاي تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بۇ،
بىر - بىرىنى ئايرىپ تاشلىغان؟
چاڭقاقلىقتا قىيناپ بىرىنى،

ۋە بىرىنىڭ كۆزىن ياشلىغان؟ !
تەڭرىنىڭ يوق بۇنچە قۇدرىتى،
ئىنسان قابىل بۇگۇن ھەممىگە.
قۇملۇقلاردا دەريا ئاققۇزۇپ،
بوستان ياسايدۇ.
يېڭى ھايات بېرىپ ھۆسنىگە
شەھەرلەرنى قىلىدۇ بىنا.
تۇپراق يۆتكەپ دېڭىز ئۇستىگە
بۇ رومانتىك خىيال ئەمەستۇر،
ئىشەن دوستۇم، ئىنسان قۇربىگە.

1986 ـ يىل ئىيۇن شاڭخەي



# قۇلۇلىنىڭ ئىقرارى

ساھىلدا قۇياشقا قاقلىنىپ،
قۇملاردا ئۆمىلەپ،
يۈرىدۇ بىچارە قۇلۇلە
پولاتتەك قېپىنى تەڭ سۆرەپ.
دولقۇنلار قىرغاققا يامىشىپ
سوقاندا دېڭىزنىڭ شامىلى
ھەيۋەتلىك گۈكىرەپ،
قۇلۇلە مۆكۈنەر قېپىغا
ئالدىراپ،
دىرىلدەپ،
تەمتىرەپ.
دەيدۇ ئۇ:
— ناتىۋان جانىۋارمەن،
يۇمشاقتۇر تەنلىرىم خېمىردەك.
قۇياشقا قاقلىنىپ يېتىشتىن
ئۆزگىنى بىلمەيمەن مەن پەقەت،
يوق مەندە نە يۈرەك،
نە قۇدرەت
شۇڭلاشقا قېپىم بار تۆمۈردەك!

1986 ـ يىل ئىيۇن شاڭخەي

## ئېلىپ كەت ناخشامنى دېڭىز شاملى

مەن ناخشا توۋلىغان ئالمىلىق باغدا،
يايلاقتا، چۆللەردە، دوستلار تويىدا...
ئانا يۇرت ئۆگەتكەن ئاشۇ ناخشىنى،
ھە، بۈگۈن توۋلايمەن دېڭىز بويىدا.

ناخشامدا باغلارنىڭ خۇش ھىدى ئاقار،
ناخشامدا يايلاقنىڭ يېشىللىقى بار.
ناخشامدا دېڭىزنىڭ سۈزۈكلىكى بار،
ناخشامدا سېغىنىش ئوتلىرى يانار.

سەپەرگە ئاتلاندىم، ئۇزاتتى يۇرتۇم،
ئۈمىدنى قانات قىپ ئىنتىلىشىمگە.
غەۋۋاسمەن مەرىپەت دېڭىزلىرىدا،
ئىرادەم ماياكتۇر ئىزلىنىشىمگە.

ئارزۇلار ئېتىلىپ تۇرغان بىر لاچىن،
ھەر بىر ئوۋ شۇبھىسىز مېنىڭ ئەلۋەتتە.
جاۋاھىر تولماقتا ئەقلىم كانىغا،
ئەي يۇرتۇم، بۇ بايلىق سېنىڭ ئەلۋەتتە.

تەلپۈنۈپ باغلارغا، كۆمۈش چوققىغا،
يەرگىچە ئېگىلىپ بېرىمەن سالام.
ئېلىپ كەت ناخشامنى دېڭىز شامىلى،
تىڭشىسۇن تىيانشان، تىڭشىسۇن ئانام.

1986 ـ يىل ماي شاڭخەي



## دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە

ئايلىنىپ يۈرىمەن دېڭىز بويىدا،
زوقلىنىپ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلىرىغا.
دەممۇ - دەم ئۇپۇققا لەيلەپ كېتىدۇ
خىيالىم مىنگىشىپ دولقۇنلىرىغا.

كۆزلىرىم تالىدۇ چېتىگە قاراپ،
يايلاقتا ئوخشاتتىم چەكسىزلىكنى.
بۇژغۇنلار پۇتۇمنى سۆيۈپ قاچىدۇ،
نېمە دەي شوخلىقى - كەپسىزلىكنى؟!

ئاسماننى سۈزۈك دەپ كەپتىمەن كۆپتىن،
سۈزۈكلۈك ئايلانسۇن دېڭىز ھۆسنىدىن.
پاكلىقتا ئاسمانغا بولىدۇ ئەينەك،
قىلچە داغ تېپىلماس زىنھار كۆكسىدىن.

شۇ پاكلىق قەلبىمگە سالدى ئىشتىياق،
تاشلاندىم قوينىغا بولۇپ بىر بېلىق.
دولقۇنى كۆتۈرۈپ ئوينىتتى مېنى،
ئانامنىڭ قولىدەك، ئاھ، شۇنچە سىلىق...

قىيا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يەنە
زەڭ سېلىپ تىڭشايمەن شاۋقۇنلىرىنى.
ئېسىمدە چوڭلارنىڭ ئېيتقان بىر سۆزى:
«ئۆگەنگىن سەن ئۇندا دېڭىز كۈيىنى».

دېڭىزدا چايقىلىش، دولقۇن شاقىراپ
قىياغا ئۇرۇلار بىر خىل رېتىمدا.
تاڭدىن تا شامغىچە شۇ بىر سادانى
تەكرارلاپ كېلىدۇ ئۇ ھەر قېتىمدا.

چايقىلىش، شاقىراش ئىكەن ناخشىسى،
بىلمەسكەن ئۇنىڭدىن زىنھار باشقىنى.
دېڭىزدەك تەۋرىنىش بولسا قەلبىمدە،
ئېيتاتتىم يېڭىدىن - يېڭى ناخشىنى!

## يول چىرىغى

مەلىكە سوزۇلغان شۇ بىر كىچىك يول،
ئۇزۇلمەس ئاياقلار كېچە ۋە كۈندۈز.
دوقمۇشتا، ئىستولبا ئۈستىدە چىراغ،
چاقنايدۇ كېچىسى بولۇپ بىر يۇلتۇز.

ئاق سۈتتەك نۇرلىرى يولغا پاياندار،
تاڭ ھۆسنى قوشىدۇ ئېگىز ۋە پەسكە.
سەپەرلەر خاتىرجەم قىلىدۇ داۋام،
چۈشمەس ئۇ بىراق ھېچ نەزەرگە، ئەسكە.

ئۆتىدۇ شۇ يولدىن ئاق نۇرغا چۆمۈپ،
قىز ـ يىگىت ئاشىقلار شادىمان كۈلۈپ.
ئۆتىدۇ بوۋايلار ھاسا تايىنىپ،
ئۆتىدۇ چوكانلار داستىخان كۆتۈرۈپ…

ئۇ يورۇپ كەلدى قىش ـ قارلىق كېچىدە،
شىۋىرغان ئاياۋسىز ئۆتتى قامچىلاپ.
ئۇ يورۇپ كەلدى ياز ـ تىنجىق ھاۋادا،
يامغۇردا ياشلىرى ئاقتى تامچىلاپ…

ھېچكىممۇ يادىغا ئالمايدۇ ئۇنىڭ
قاچاندىن نۇر چېچىپ كەلگەنلىكىنى.
ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن
قانچىلىك قۇت - ئامەت بەرگەنلىكىنى.

يورۇپ ئۇ ئۇن - تىنسىز پۈتەر ئۆمرىمۇ،
ۋە باسار شۇ يولنى قانىتى تۇننىڭ.
شۇ چاغدا كىشىلەر ئالار ئېسىگە،
«ئاھ ئىسىت، چىراغ» دەپ ئۆرتىنىپ كۆرمىگ.



## ھايات

(كاردىئوگرامما قەغىزىمنى كۆرۈپ)

كۆرسىتىپ ماڭا ئاق قەغەزدىكى
ئەگرى سىزىقنى
دېدى دوختۇر:
— يۈرىكىڭىزنىڭ سۈرىتى مۇشۇ،
ھەركىتىنىڭ سۈرئىتىمۇ شۇ،
ئەركىن ئېلىڭ ئەمدى تىنىقنى.

رەھمەت ئېيتتىم
ۋە ھەم تۇرۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.
«تۈز سوقاتتى مېنىڭ يۈرىكىم،
نىيىتىمۇ ئەمەستى ئەگرى،
نىچۈن سۈرىتى بۇ خىل تۈزۈلدى؟»
دېدى دوختۇر:
— ئەگرى - بۈگرى بولغىنى
ھاياتلىقتىن نىشانىڭىز!
تۈز بولسا ئەگەر
ماركس قېشىغا قىلىمامسىز سەپەر،
ئەگرى بولار يەنە ئۇ جەزمە

ئوك بولسىلا پىشانىڭىز...

چۈشەندىم،
دەريادا نىچۈن دولقۇنلار پەيدا،
هايات نىچۈن كۆرەشكە شەيدا!...

1985 ـ يىل مارت. شاڭخەي



# مۇقام

يازنىڭ دىمىق ئاخشاملىرىدا
سۈكۈت مېنى ئالغاندا يۇتۇپ،
يىراقلاردىن كېلىسەن ئۇچۇپ،
ياشاڭغىرغان ئوي - خىيالىمنى
شامال بولۇپ كېتىسەن يۇدۇپ.

قار - مۇز ئىچىرە قانقاندا چۇشۇم،
ھوجۇدۇمنى نۇر بوپ تىلىسەن،
كۆز ئالدىمنى گۈلزار قىلىسەن.
تومۇرۇمدا تىترىتىپ جۇپ تار،
يۈرىكىمگە زەخمەك ئۇرىسەن.

سەپەر مېنى ھالسىراتقاندا،
ئىگەرلەيمەن تۇلپارلىرىڭنى،
چاقماق كەبى ئۇدارلىرىڭنى،
قۇچاقلايمەن مەنزىل بېغىدا
ھەر دەقىقە نىگارلىرىمنى.

بەلكىم قۇياش تۇغقاندۇر سېنى،
يا كۆز يېشى ۋەياكى دەريا.

مەن ئاڭلايمەن سەندىن شوخ ناۋا،
ھەر نەپسىڭ تۇغسۇن مىڭ يۈرەك،
سېھرىڭ بىلەن تىترەيدۇ ساما.

1988 ـ يىل ماي



# ۋاپادارلىق

زوقلانمايمەن قاناتلىقلارغا،
قاناتلىقلار كېلەر ۋاپاسىز.
زېمىن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئانام،
بۇندا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن.
ئۆمىلىسەم،
ماڭسام،
يۈگۈرسەم،
گۇس - گۇس قىلىپ دەسسىسەم ھەتتا
ۋايىسماستىن شاتلىنىپ كۈلگەن.
مېھرى بىلەن پەپىلەپ ھەردەم،
ئوزۇق بېرىپ ياشناتقانمۇ شۇ.
ئەتىۋارلاپ
ئېلىپ بېشىغا
«كۈل، ئوغلۇم» دەپ ئويناتقانمۇ شۇ.
يۈرەك رىشتىم چېگىلگەن ئاڭا،
بىر دەقىقە ئايرىلسام شۇڭا
چىدالمايمەن ھىجرى - پىراققا.
باغرىم كۆيۈپ
قارايمەن ھەر ۋاق
يول يۈرگەندە يۇمشاق يۈزىگە

پىتىپ كەتكەن چوڭقۇر ئىزىمغا.
ئاھ، نەقەدەر ئوخشار شۇ ئىزلار
سۆيۈنگەندە
ئانا يۈزىدە
پەيدا بولغان نازۇك زىناققا.
قانداق ئانا سۆيۈملۈك بۇنچە،
قانداق ئانا بۇنچە كەڭ قورساق؟
قانداق ئانىدا بار بۇنچە سۇبات! ؟
ئۇنۇتار بارچە سەۋەنلىكىڭنى
ئۆلسەڭمۇ ساڭا ئىچىپ كەڭ قۇچاق!
شۇڭا دەيمەن قىلىپ چىن نىدا،
قالسام ئەگەر بىر كۈن نەپەستىن
چوڭقۇر قىلىپ كۆمۈڭلار مىنى.
ياتاي رازى بولۇپ تېگىدە
مەڭگۈ ـ مەڭگۈ كۆتىرىپ ئۇنى!

1986 ـ يىل

## مەن بۇلاق بوپ قاينىدىم، بىراق...

مەن بۇلاق بوپ قاينىدىم، بىراق
تەنتەكلىكىم ئەمەس بۇ زىنھار.
شوخلۇق بىلەن بۇلدۇقلاپ تۇرسام،
شاللاقكەنسەن دەمسەن، ئەي نىگار؟

قايناپ چىقتىم زېمىن تەكتىدىن،
سادىلىرىم زېمىن ناۋاسى.
كۈيلىرىمدىن جانلىنار ھەر ۋاق،
ئانا يۇرتىمنىڭ چەكسىز دالاسى.

ياقتۇرمايمەن تۇرغۇن سۇ بولۇپ
كۆلچەكلەردە پىخسىسىپ يېتىشنى؛
مەن سۆيىمەن شوخ كىيىك كەبى
قىيغىتىشنى، سەكرەپ چېپىشنى.

مەن بۇلاق بوپ ئۇرغۇپ ئاقىمەن،
ئېقىنلىرىم چاقنار زۇمرەتتەك.
چاڭقىغانغا شەربەت مەن گويا،
بەھرىم چۆلنى قىلىدۇ جەننەت.

بوستانلاردىن ۋىلىقلاپ ئۆتسەم،
مۇڭلىرىنى ئىلىپ كېتىمەن.
جىمىپ قالسام ئەيىپ ئەتمەڭلار،
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىمەن.

1986 ـ يىل



## ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى

بايرىقى تىكلەندى ئاچچىق تولغاقنىڭ،
ئۇپۇقتىن شولىلار ئاققاندا ئەزىم.
زارىقىپ تىۋىنغان قارا قوي كۆزلەر
زېمىن تاجىسىغا يوللىدى تەزىم.

چاڭقىغان لېۋىگە ئانا تۇپراقنىڭ
سىرغىدى رەيھاننىڭ لالە رەڭ يېشى.
باشلىرى ئېگىلدى قېرى توغراقنىڭ،
ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى.

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
ھېكمىتىڭ كۆلمەكتە قەلىبلەر قەسرىدە.
زىناقلار بەختلىك مەي تولغان جامىۇ؟
كىرپىكلەر نەملەندى ئالتۇن قەترىدە.

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
نۇرۇڭدىن پاياندار يېپىندى يوللار.
شوخ مۇقام توۋلايدۇ جەنۇپ شامىلى،
غەپلەت قاسرىقىنى تاشلىدى دىللار.

ئەسلىدىم، بۇ قەدىم تارىم ئەۋلادى
ئالتۇن ئاچقۇچنى يوقاتتى قاچان؟
يۇلغۇنلۇق دالىدا قالدى تېڭىرقاش،
ئارزۇلار تۇغىنى كۆمدى قۇم ـ بارخان.

ھەسرەتلىك جىلغۇلەر مۇزغا ئايلاندى،
توغراقلار يېشىدىن ئۇلغايدى تارىم.
كىشنىگەن دولقۇننى يۈتتى باياۋان،
شور باسقان ساھىلدا ئۇنسىز دۇتارىم...

قۇياشنى چاقىردۇق قۇشلار تىلىدا،
ئىلتىجا شاخلارغا ئېسىلدى بەزەن.
چىرماشتۇق مەغرىپنىڭ گۇگۇملىرىغا،
ھىلال ئاي قۇببىسى توۋلىغاچ ئەزەن.

نىمىلەر ئىزدىدۇق، نىمىلەر تاپتۇق،
ئايسىز كېچىلەردىن ساخاۋەت سوراپ.
ئېھ، قۇياش ھىكمەتتۇر، قۇياشتۇر تەڭرى،
تاشلانغىن قوينىغا، ئۇندا نۇر ـ ئاپتاپ!

ئەسسالام، تارىمنىڭ يېڭى قۇياشى،
ئەسسالام، بوۋاقتەك يۇلقۇنغان سەھەر!
يۇلغۇنلار قان سۆيگەن چېغىر يوللاردىن
يامىرىدى ئۇپۇققا بىزنىڭ بۇ سەپەر.

مۇخلارغا قىرمىزدىن رەڭ بىرەر ئاياغ،
چىچەكلەر سۆيىدۇ ئىزلىرىمىزنى.
ھۆر قىزنىڭ كۆكسىدەك دولقۇنلۇق ئېقىن
چايقايدۇ كەڭ دالا - تۇزلىرىمىزنى.

قۇياشتىن گىن ئالغان ئەركەك خىياللار
شۈكرىيەت تورىغا تۇتاشتۇردى ئوت.
قورۇنغان سامانىڭ يىرتىلدى تېنى،
رەڭگارەڭ يۇلتۇزنى قىلىپ تەۋەللۇت.

تومۇردەك مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا تارىم،
ئەسىرلىك ئارماننى قىلغانچە ھاپاش.
بىز دولقۇن ئوغلى بىز، سەھەر ئوغلى بىز،
ئۆڭكۈردىن دالاغا ئېتىلدى قۇياش!

1993 - يىل ئۆكتەبىر شايار

# قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي

(نەسرى شېئىر)

1

بىز قوغۇشۇن رەڭلىك تۇمان ئاستىدا هاياتلىق تىۋى-نىشلىرى خۇددى ئەگىز پەسلىدىكى يۇگەنسىز دەريادەك هەي-ۋەت بىلەن دەۋرەۋاتقان، تومۇرلىرى تىنىمسىز يۇرۇشلەر-دىن كۆپچىۋاتقان، تىنىقلىرى چىڭقىلىۋاتقان مۇزلۇق بۇ شە-هەردىن ئايرىلىپ جەنۇبتىكى تاغلارنىڭ ئىللىق قىش قوينىغا يۇرۇش قىلدۇق.

ئانا تۇپراق كۆمۈش ئالقانلىرى بىلەن بىزنى بۇ يۈك-سەكلىككە ـ قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايغا كۆتۈرگەندە، ئەلۋەك نۇرلارغا تويۇنۇپ پايانى يىراق ئۇپۇقتا غايىپ بولغان چەكسىز قارلىق دالالار، تاغلارنىڭ مىڭ يىللىق خىيال ۋە ئويلىنىش-لىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن تىمتاس جىلغىلار، كۈمۈش ساقاللىق بوۋىلاردەك بۇيۇك چوققىلار، سۇزۇك، تىنىق، كۆپكۆك ئاسمان بىزنى تونۇۋالدى؛

قار ئەكسىدە مىڭ بىر كۆز بولۇپ چاقناۋاتقان، قارىغاي ئاراشلىرىدىن ئالتۇن قوللىرىنى سوزۇۋاتقان، جىلغىلارنىڭ

ـنىقلىرىغا ئوتلۇق تەپتىنى بېرىۋاتقان قۇياش جىلۋىسى بىز-
ى تونۇۋالدى؛

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان،
باھاردا، قاپتاللارنى، يانباغىرلارنى يېشىللىق قاپلىغان
ـاغدا.

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان،
يازدا. يېشىل يامغۇر، يېشىل ئېقىن رەڭگارەڭ چېـ
ـەكلەرگە سىر ئېيتقان چاغدا.

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولغان،
كۈزدە. قۇياش ئوغلى ئالتۇن ياپراقلارغا قونۇپ، كاكـ
ـۇك گۈلنىڭ لەۋلىرىگە خىنە ياققان چاغدا.

بىز بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بولدۇق،
يەنە، قىش پەسلىدە، جىمى پاكلىق ۋە گۈزەللىك،
ـمى سۆيگۈ ۋە ئىنتىلىشلەر ئاق لىباسقا ئورالغان چاغدا.

ھەر پەسلىنىڭ پەيزى باشقىچە، ھەر پەسلىنىڭ سىزگە
تا قىلىدىغان تۈيغۇ ۋە پىكىرلىرى ئۆزگىچە.

مەن مەھەللىدىن يىراقلاپ كىچىككىنە بىر دۆڭلۈككە
ـلىپ قار ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

ئەنە، ئاۋۇ جىلغا ئىچىگە باشلاپ كىرىدىغان تارغىنا يول
سىنقىدىكى ئاپئاق لىچەك ئارتقان تال - سۆگەت ۋە قاريا-
چلار باش باھاردىكى ھۇپپىدە ئېچىلغان نەشپۈت چېچەكلىـ
ـنى ئەسلىتىدۇ. يىراق بانياغىرىلاردىكى مالچىلارنىڭ ئاندا
ساندا كىگىز ئۆيلىرى كىمدۇر بىرسى ئاق داستىخان
ستىگە تاشلاپ كەتكەن ئاپئاق يەر قالپاقلىرىغا ئوخشايدۇ.

پۇتكۇل جاھان ئاپئاق قىلىن قارغا كۆمۈلگەن،
داللار ئۇيقىدىكى نازىنىن، نەپىس چۈشلەر لەززىتىگە چۆمۈلگەن.

قار، شۇ قەدەر ئاق، شۇ قەدەر پاك، كىرىستالدەك سۈزۈك ۋە يالتىراق، تېگى ـ تېگىگە قارىساڭ بالقىپ چىقار يەنە ئاق؛

بوۋامنىڭ ئايەم كۈنى كىيگەن يېڭى دوپپىسىدەك،
مومامنىڭ بامدات نامىزىغا ئولتۇرغاندا ئارتىۋالغان ياغلىقىدەك،

تېخى يالغان ئېيتىپ باقمىغان سەبى باللارنىڭ مەسۇم قەلبىدەك كىرسىز، غۇبارسىز، پاك ۋە مۇقەددەس.

مەن بىر ئوچۇم قارنى ئاۋايلاپ ئالدىم ـ دە، ئوتلۇق لەۋلىرىمنى ئاستا تەككۈزدۈم. بۇنداق ئاقلىق، بۇنداق پاكلىق پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

2

مەن چەكسىز دالىدا بەھۇزۇر قار كېچىپ كېتىۋاتىمەن،

توسۇن ئاتتەك، شوخ كىيىكتەك قىيغىتىپ ئەركىم بىلەن چېپىۋاتىمەن.

قەلبىم چەكسىزلىككە سىغقان كەڭلىكلەرگە تەنھا ئۆزۈم پاتمايۋاتىمەن، تېرىلىرىمدىن بۆسۈپ چىقىۋاتىمەن.

چىڭدالغان، قىرچىلغان، چارچىغان، چاڭقىغان ۋۇجۇدۇم ۋە روھىم كەڭلىكلەردە يېشىندى، بوۋاقلاردەك ئەركىن يۇلقۇندى. راھەت، ھوزۇر، ئاشىقانە سۆيۈنۈش ئايىقىمدىن

ئۈپقۈن بولۇپ ئۆرلەۋاتقان قارلارغا ئارىلىشىپ نېرىپلىرىمدىن ئاستا - ئاستا سىرغىپ چۈشتى.

مەن ئاشۇ كەڭلىكلەرگە سىڭىپ كەتتىم.

تومۇرۇمدا بۈيۈك يايراش ئۆركەشلىدى.

مەن ئانىنىڭ يۇمران كۆكسىگە تاشلانغان بالىدەك ما- ماق قار ئۈستىدە قېنىپ - قېنىپ دۇمىلاپ، غۇلاچلىرىمنى بۈركۈت قانىتىدەك كەڭ كېرىپ ئورنۇمدىن ئاستاغىنە تۇر- دۇم.

يول تالىشىپ قىستاش، ئورا كولاپ پۇتلاش، يەكلە- نىش ۋە قىيداش، قانىتىڭنى يۇڭداش بۇ جايدا مەۋجۇد ئەمەس.

بۇنداق كەڭلىك، بۇنداق ھۆرلۈك، بۇنداق يايراش پە- قەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

3

جىلغا.

ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىن بارا - بارا تارىيىپ، يۈك- سەكلىككە، كۈمۈش چوققىغا قاراپ ئۇزاپ كەتكەن جىلغا.

بىز جىلغىغا ئىچكىرىلەپ كېتىۋاتىمىز، كەڭلىكلەر ئەڭ دەسلەپ تەۋەللۇت بولغان مەنزىل ۋە نۇقتىغا قاراپ كېتىۋاتى- مىز.

يازدا تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ، ئويناقشىپ ئېقىپ چىملىقلاردىكى ساپسېرىق مامكاپلارغا كۈمۈش جۇلا تاقايدى- غان، شاۋقۇنلۇق كۆيلىرى بىلەن جىلغىلارنى سادالارغا قاپ- لايدىغان زۇمرەت ئېقىن ئەمدى قېلىن قار ۋە مۇز ئىچىگە

يوشۇرۇنغانىدى.

چوڭقۇر موڭغا پاتقان قارىغايلارنىڭ يېشىل كىرپىكلە
رىدە ئاپئاق قىرۇ. قۇشلارنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىدىن ئەسەرم
يوق. ئۇلار ئىسسىق ئىقلىملارغا ئارام ئېلىشقا كەتكەن چې
غى.

جىلغا شۇ قەدەر جىمجىت، ئۇنسىز، تىۋشسىز، جىم
جىتلىقتا سەن ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى بىر پەس ئۇنتۇپ
كېتىسەن.

كېچە ـ كۈندۈز بېسىقمايدىغان ماشىنىلارنىڭ گۈركە
رەشلىرىدىن، بىر ـ بىرسىدىن يول تالىشىپ، بىر ـ بىر
سىنى ئالدىرىتىپ ئۇرۇلغان ئاچچىق سىگناللاردىن، ئاشپەز
لەرنىڭ، باققاللارنىڭ، كوچا دوقمۇشلىرىدىكى كىنىشكىسىز
سېتىقچىلارنىڭ ئالا ـ تاغىل ۋارقىراشلىرىدىن؛ ئەس ـ
ھوشۇڭنى ئېلىپ قاچقىدەك رەڭگارەڭ چىراقلار بىلەن بە
زەلگەن تانسىخانا، قاۋاقخانىلارنىڭ گۈڭگا رۇجەكلىرىدىن
تىنىمسىز يامراپ چىقىدىغان يېقىمسىز، مىلودىيىسىنى جا
مۇزىكىلىرىدىن ئەندىكىپ كەتكەن، چۆچۈپ كەتكەن، چىڭ
قىلىپ كەتكەن نېرۋىلىرىڭ بۇندا بىر پەس ئارام تاپىدۇ،
يېشىلىدۇ، بەھرىڭ ئېچىلىدۇ. كۆزۈڭنى يۇمۇپ، ھەممىنى
ئۇنتۇپ بىر ھازا يېتىۋالىسەن.

بۇنداق تىنچلىق، بۇنداق ئاسايىشلىق پەقەت قۇياشق
ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

4

قەھرىتان قىشتا باھارنىڭ تەپتىنى سەزمەك نەقەدەر

بەخت ـ ھە؟ مەن جىلغىنىڭ ئىللىق، ساپ ھاۋاسىنى كۆك-سۈمگە تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ نەپەسلەنگەندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ئەنە شۇنداق ئويلىدىم.

جىلغىنىڭ ھاۋاسى بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ خاتىرجەم، ۋەزمىن تىنىقلىرىدەك يەڭگىل ۋە پاك، ئانىنىڭ بالىنى ئاۋايلاپ ھىدلاشلىرىدەك تاتلىق ۋە ئىللىق، يېنىڭدىن كە-رەشمە ئەيلەپ ئۆتكەن سۆيۈملۈك يارىڭدەك خۇشبۇي ۋە يې-قىملىق.

ئۇنىڭ نەشتىرى يوق، يۈزلىرىڭنى چېقىۋالمىدىغان؛

ئۇنىڭ چاڭ ـ تۇزانى يوق، كۆز پەردەڭنى توسۇۋالمىدى-غان.

بۇنداق ساپ ئىللىق ھاۋا پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

5

تىككىدە ئۆرلىگەن قۇياش يالغۇز بۇ جىلغا ئۈچۈن يارال-غاندەكلا پۈتۈن نۇرىنى يىغىپ بۇ يەرگە تۆكمەكتە.

جىلغا، ئاپئاق تۆشەك سېلىنغان بۆشۈك.

مەن يۇمشاق قار ئۈستىگە يېنىككىنە تاشلاندىم. بۇ تاغ گويا مېھرىبان ئانا، ئۇ تاغ گويا پاسىبان ئاتا —

مۆڭگۈ پاتقان قېشىڭدا، توغ بوپ تۇرغان بېشىڭدا.

سۈكۈت ئىچىدە ئۇلار مەندىن نېمىلەرنىدۇر كۈتمەكتە.

يىراق، چوڭقۇر جىلغا ئىچىدىن شارقىراتمىنىڭ ئاۋازى كەلمەكتە...

تىنىق، كۆك، پايانسىز ئاسمانغا تىكىلدىم.

ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك، تېگى ـ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان زەڭگەر دېڭىزلاردەك.

هۆرلىقا ۋە زىلەيخانىڭ تاش ئەينىكىدەك.

مەن ئۈنىڭدىن ئانامنىڭ كۆزلىرىدىكى سەمىمىيلىك ۋە پاكلىقنى، ئانامنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەزمىنلىك ۋە چوڭقۇر-لۇقنى كۆرگەندەك بولدۇم.

بۆشۈكلەردە ئويغىنىپ، قار ئۈستىدىن يۈكسىلىۋاتقان ئىستەكلىرىم، بالىلىقتىن تۇغۇلغان رەڭدار چۈشلىرىمگە قوشۇلۇپ، ئېگىز ئاسمانغا، قۇياشنىڭ پارلاشلىرىغا سىڭىپ كەتتى.

بۇنداق سۈزۈكلۈك، بۇنداق يۈكسەكلىك پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

6

قاپتالدا يانباغرىلاپ ياتقىنىمدا، قۇلىقىمغا بىر كۈي ئاڭلاندى:

سەبى بوۋاقنىڭ تېلىقىپ كۈلۈشىدەك،
قازاق ئاقىنىنىڭ دومبىرىنى چېرتىشىدەك،
تاشۋاينىڭ زەخمەك ئۇرۇشىدەك،
ئاتلىق پولكلارنىڭ ھۆررا كۆتۈرىشىدەك...

بۇ كۈي قېلىن قار ئاستىدىن، جىلغىدىكى مۇزلار قې-تىدىن كېلىۋاتاتتى.

مەن خاتالاشمىدىم. ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كۈي ياڭراۋاتقان شۇ نۇقتىنى ئىزدىدىم.

مۆجىزات كۆز ئالدىمدا نامايەن بولدى. جىلغىنىڭ قاپ

ئوتتۇرىسىدا خاسىيەتلىك قۇياش بارمىقى بىلەن ئېچىپ قوي‐
غان جانان چىنىنىڭ ئاغزىدەك چوڭلۇقتىكى كاچكول شۇ
كۆينىڭ بوغۇزى ئىدى.
«ئاھ، تاغنىڭ يۈرىكى» دېدىم مەن.
قولۇڭنى تىقساڭ بەلكىم ئۇنىڭدىن يالقۇن ئۆرلەيدۇ.
ئۇ، زېمىنىنىڭ قان تومۇرى، ئۆلمەس ھاياتلىقنىڭ تى‐
مىسالى.
ئۇ ئەنە شۇنداق كۆۋەجەپ، بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تىنمايـ
دۇ.
ئۇ ئەنە شۇنداق تىلسىز سۆزلەيدۇ،
ېمىستان قىشتىمۇ باھار تەنتەنىسى بىلەن كۈيلەيدۇ.
مېنىڭ ئۇنىڭ ناۋالىرىغا تەڭكەش قىلىپ بار ئاۋازىم
ملەن ناخشا ئېيتقۇم، تولغىنىپ ـ تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوي‐
نغۇم، ساما سالغۇم كەلدى.
ھەي، مۇز ئاستىدىكى ئويناق كۈمۈش ئېقىن، سەن
مۇكۇت ئەۋجىدىكى تاغلارنىڭ ھايات سىمفونىيىسى، دالىلار‐
ا تەلپۈنۋاتقان ئانا زېمىنىنىڭ يۈرەك مىلودىيىسى.
مەن كاچكولدىن بىر ئۇچۇم سۇ ئېلىپ، سۈيۈنۈش
ملكىدە ئىچتىم. ياق، ئۇنىڭغا ئىچىلدىم. ئۇنىڭ كۈيلىرد‐
دىن تومۇرلىرىم ئەزىم دەرىيادەك چىرتىلدى، پۈتكۈل ۋۇجۇ‐
ۇم سادالارغا، ناۋالارغا، چوقانلارغا ئايلاندى. مەن تاغ
ۈرىكىدىن كۆي بولۇپ تۆرەلدىم.
بۇنداق ھاياتلىق، بۇنداق جۇشقۇنلۇق، بۇنداق كۆي ـ
اۋا پەقەت قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا بولىدۇ.

7

بىز قۇياش ئەلچىسى نۇرلىرىنى سىپىپ تۇرغان بىر تۆپى-لىككە قايتىپ كېلىپ ئولتۇردۇق.

تار ھەم چوڭقۇر جىلغا بىزدىن قىرىق - ئەللىك قەدەم نېرىدا تاغ تۈۋىنى بويلاپ يىلان باغرىدەك سوزۇلغان.

تاغ بەللىرىدە بىر نەچچە توپ پادا قارىغايلارنىڭ يىلتىز-لىرىدىن، كۆنگەيدىكى يالىڭاچ قورام تاشلاردىن كۈن نۇرىنى كۆشەپ يالىماقتا.

ئۇشتۇمتۇت، قويلارنىڭ شالاڭ مەرەشلىرى ئىچىدىن بىر بوۋاقنىڭ ئىڭىرىشىغا ئوخشايدىغان زەئىپ، تىترەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىغا قىلدىم. بۇ سادا جان ھەلقۇمىدىكى تىپىرلاشقا، بوزلاشقا، يىغىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

بىر قانچىمىز ئەندىكىش ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قۇلاقلى-رىمىزنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپقا زەن سېلىشقا باشلىدۇق. شۈبھ-ىسىزكى، بۇ ئىدا چوڭقۇر جىلغىدىن چىقىۋاتاتتى.

يۈگۈرۈپ كەلگىنىمىزدە بىر ئوغلاق نىپىز مۇزلىرى چېقىلغان ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولاق تۈۋىگىچە سۇغا چۆك-كەن ھالدا نالە قىلىپ مەرەۋاتاتتى.

بىز قوللىرىمىزنى بىر - بىرىگە ئارقان قىلىپ تۇتاش-تۇرۇپ، جىلغا ئىچىگە ساڭگىلىدۇق - دە، ئوغلاقنى قۇتۇل-دۇرۇپ چىقتۇق.

ئولاشقانلار ئىچ ئاغرىتىشىپ «بۇ بىچارە ئانىسىدىن ئايرىلىپ سۇ ئىچمىشكە چۈشكەنىكەن - دە، ھەي، ئۆلۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ» دېيىشتى.

كىمدۇر بىرى بوپىندىكى شارپىسىنى يېشىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ تىترەۋاتقان بەدەنلىرىدىكى سۇلارنى سۈرتتى. بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئىنچىكە بويۇنلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ۋە ئەمدىلا سېزىلىشقا باشلىغان ساقاللىرىدىكى چوكا مۇزلار-ى هورداپ ئېرىتتى. يەنە بىر دوستىمىز ئوغلاقنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە شاخ - شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ ئوت يېقىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئالدىدىكى ئوغلاقنىڭ چا-اقلىرىدا راستىنلا سۆزۈك ياشلار لىغىرلاپ قالغانىدى. مەن ەلتويۇمنىڭ تەگمىسىنى يېشىپ تېخى تولۇق قۇرىمىغان سىدىن نەمخۇش هور ئۆرلەپ تۇرغان بۇ بايقۇشنى قوينۇمغا سالدىم…

بۇ يەردە، مۇشۇ دەقىقىدە، ئادەم بىلەن هايۋان ئوتتۇر-سىدا، يىگۈچى بىلەن يېيىلگۈچى ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق بىر بىئى مېھرىبانلىق، ئاشۇنداق بىر سەممىي كۆيۈنۈش ۋەقە-ى يۈز بەردى.

شۇنداق، ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى، ئادىمىيلىك زىلىتى، سەممىيىتى قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىلا يېتىلىدۇ تېپىلىدۇ.

8

گۈگۈم چۈشمەكتە.

يىراق ئۇپۇق ئاشىقلىقتىن ئۇيقىنى تەرك ئەتكەن يىگىت-لىڭ كۆز جىيەكلىرىدەك قىزارغاندا، بىز تاغ ئىچىدىن

پايانسىز دالىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان جىلغىدىن چىقىپ، بىر نەچچە توپ ئارچا يېنىدىكى تۇزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇردۇق - دە، ئارچا شاخلىرىدىن گۈلخان تۇتاشتۇردۇق.

مۇزلارنى يېرىپ چىققان تار ئېقىن يېنىمىزدا شىرىقلاپ بىخىرامان ئاقماقتا.

قەھۋە رەڭلىك گۈلخان سانسىز يۇلتۇزلارنى چاچرىتىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

زىلال سۇ كۈمۈش بۆژغۇنلارنى چاچرىتىپ ئۆز كۈيىنى ياڭراتماقتا.

ئوتنىڭمۇ ئۆز تەلپۈنىشى بار، سۇنىڭمۇ ئۆز ئىنتىلىشى. ھەممىسىنىڭ ھۆرلۈككە بولغان تەشنىشى، يۈرەك تېپىرلىشى بار.

ئوت ھاياتلىققا يورۇقلۇق ۋە ھارارەت ئېلىپ كېلىدۇ.

سۇ ھاياتلىققا نازاكەت ۋە راھەت بەخش ئېتىدۇ.

گۈلخان ئىزغىرىن شامالدا چاراسلاپ بارغانسېرى ئۇلغايماقتا.

ئوت ۋە سۇدىن كېلىۋاتقان بۇ سادالار مېنى يىراق خىيال گىرۋەكلىرىگە تاشلىدى.

گويا ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ئاتلىرىنى تاراسلىتىپ چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېقىن بويىدا توختاپ ئاتلىرىنى سۇغاردى. كۆتىرەڭگۈ مارش كۈمۈش قەترىلەرگە شۇڭغۇپ چۇشۇپ، لەرزان، ئەۋرىشىم، لېرىك كۈيگە ئايلاندى. كاكارلار ئېقىن بويىدا قىپقىزىل لەيلىقازاق بولۇپ ئۈنۈپ قالدى...

جىلغىدىكى تار ئېقىن كەڭلىكلەرگە قاراپ توختاۋسىز

ئاقماقتا.

گۈلخان تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوييناپ لاۋا ئاتماقتا.

هايات ئەنە شۇنداق گىرەلەشكەن، تىلسىم سۆيگۈلەرگە
ويۇنغان.

بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىللىق ۋە ئوتلۇق، لەرزان ۋە
جۇشقۇن، تىمتاس ۋە بىپايان، پاك ۋە يۈكسەك سۆيگۈ،
ىستەك، خۇشاللىق كۈي قاتماقتا.

شۇنداق، مەن بۇ ھەممىنى سۆيگەن ھەم سۆيەلەيمەن؛
تولغىنىپ ئېقىشلارنى،
لاۋۇلداپ يېنىشلارنى.
مەن بۇ يەرنىڭ باھارىنى سۆيگەن —
يېشىل پاياندار ئۇستىدىكى چېچەكلەرنى.
مەن بۇيەرنىڭ يازىنى سۆيگەن —
ومۇزدىكى ئارامبەخش شاماللىرىنى.
ەن بۇ يەرنىڭ كۈزىنى سۆيگەن —
ئالتۇن تەڭگىلەرگە تولغان ئېتەكلىرىنى.
ەن بۇ يەرنىڭ قىشىنى ھەم سۆيىمەن —
اپلىقى، پاكلىقى، يۈكسەكلىكىنى.
ۈنكى، قەھرىتان قىش باھارغا ئەڭ يېقىن.
ەن بۇ يەرنىڭ سەھەر ھەم كۈندۈزلىرىنى سۆيگەن —
ايناق، جۇشقۇن كۈيلەرگە تولغان.
ەن بۇ يەرنىڭ كېچىلىرىنىمۇ سۆيىمەن —
ارقىن، يۇلتۇزلۇق، تىمتاس ۋە ئۇلۇغ.
ۈنكى كېچە سەھەرگە

قۇياشقا ئەڭ يېقىن!
مەن تاغلارغا قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم.
قاتمۇ ـ قات تاغلار ئاۋازىمنى ئەسلى بىلەن قايتۇرۇپ بەردى، چىن، سەممىي، راست ۋە يەنە راست...
چۈنكى بۇ جاي قۇياشقا ئەڭ يېقىن.
بۇ يەرنىڭ قۇشقاچلىرىمۇ شۇنداق سەممىي ۋە ئاق بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.
چۈنكى، بۇ يەر قۇياشقا ئەڭ يېقىن.

1996 ـ يىل ئۈرۈمچى



# بالـلار قەلبی



# تاغ سەيلىسى

(سىكىل)

**مۇقەددىمە**

تاغقا چىقتۇق بىر كۈنى
دادام بىلەن سەيلىگە.
تولدى قەلبىم ئاجايىپ
خوشاللىقنىڭ پەيزىگە.

قىلدى مەپتۇن كۆڭلۈمنى،
بۇ جايدىكى مەنزىرە.
سىزىۋالدىم قەلبىمگە،
گۈزەللىكتىن ئەندىزە.

## تاغ گۈللىرى

تاغ گۈللىرى ئېچىلىپتۇ
زەپمۇ ئېسىل.
سۈتتەك ئاپئاق، ئالتۇن رەڭلىك،
چوغدەك قىزىل.

ئاسماندىكى يۇلتۇزمىدۇر،
ئۇچۇپ چۇشكەن.
كۆز چاقنىتار ساناپ باقساڭ
تۈرى مىڭ خىل.

قاراپ - قاراپ تويمىدىم مەن،
قانمىدىم مەن.
پۇرىقىمۇ ئېسىل ئىكەن،
يايرىدى دىل.

چاپتىم شۇئان گۈللەر ئارا
كېپىنەكتەك،
تورىۋالدى يوللىرىمنى،
قىلىپ خىجىل.

دېدى ماڭا: «غۇنچە بويلۇق
ئۆسمۈر ئۆزەڭ.
ئىلىم - پەننىڭ باغلىرىدا
سەنمۇ ئېچىل.

دېدىم: «ئەي گۈل، ئامرىقىمسەن،
ئۈمىدىمسەن.
ئېچىلىمەن خىسلىتىڭگە،
بولۇپ ئىجىل.

## قارىغاي

تارتتى مېنىڭ زوقۇمنى،
چوققىدىكى قارىغاي.
يېشىل تۇرغاچ قىشمۇ - ياز،
قار - جۇدۇنغا قارىماي.

شۇنچە قەيسەر بولسىمۇ،
تالاشماسكەن نام ئاتاق.
تالاشماسكەن ۋە ياكى
گۈزەللىكتە رەڭ - بوياق.

شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىمۇ
تىك چوققىدا بولاركەن.
بارچە ھۆرمەت، شان - شەرەپ
ئاڭا كېلىپ قوناركەن.

قارىغايدەك بولسام مەن،
تولۇپ ئېسىل خىسلەتكە.
چىقىپ ئېگىز چوققىغا،
ئېرىشسەم ھەم ھۆرمەتكە.

## شارقىراتما

ھەيران قالدىم ئاق كۆمۈشتەك
ئويناق «ئىلان» غا.

تاغدىن چۈشۈپ پەسنى قاپلار
ئېكەن تۇمانغا.

نەچچە ئون گەز ئېگىزلىكتىن
چۈشسە شارقىراپ.
ئېيتىدىكەن جاراڭلىق بىر
كۈينى ۋارقىراپ.

چاچىدىكەن ئەتراپىغا
ئاپئاق ئۈنچىنى.
ئۈنچە ئەمەس ئارامبەخش
گۈلۈ - غۇنچىنى.

ھوزۇر بېرىپ يۈرەكلەرنى
كۆلدۈرەركەن ئۇ.
ئېقىن بولۇپ ۋادىغا گۈل
ئۈندۈرەركەن ئۇ.

شۇڭا ئۇنى شارقىراتما
دەيدىكەن تاتلىق.
بېغىشلىغاچ ئەلگە ھامان
گۈزەللىك، شاتلىق.

بولسام مەنمۇ شارقىراتما،
توختىماي ئاقسام.
دىلغا ھوزۇر بېرىپ، چۆلگە
گۈللەرنى تاقسام.

## بۇلاق

زوقۇم تاشتى بۇلدۇقلاپ
ئاققان سۈزۈك بۇلاققا.
ئوخشاركەن شوخ ئىبقىشى
گۈزەل ناخشا ـ قوشاققا.

توختىماي ئۇ قىشمۇياز،
ئاقىدىكەن ئەبەتكە.
سۈزۈكلىكى گوياكى
ئوخشايدىكەن زۇمرەتكە.

ئىچتىم ئۇنى ئوچۇملاپ،
يايراپ كەتتى يۈرىكىم.
ئاشتى قايتا ھەسسىلەپ
تەشنالىقىم، تىلىكىم.

نېمە ئۈچۈن قانمايدۇ
دىلىم بۇلاق سۈيىگە.
چۈنكى ئۇنى ئوخشاتتىم،
ئىلىم ـ پەننىڭ ئۆزىگە.

## تاغ شامىلى

تاغ شامىلى، تاغنىڭ شامىلى،
گويا سەھەر چاغنىڭ شامىلى.

خوش پۇراقلىق، پاك ھەم ساپ ئۆزۈك،
كەلدىڭ چۈنكى گۈل پۇراپ ئۆزۈڭ.

سەن كېلىسەن يىراق - يىراقتىن،
تىڭ چوققىدىن - چىمەن قىرغاقتىن.

قارىغاينى ئۇسسۇلغا سېلىپ،
گۈل چېچەكنىڭ بەرگىنى قايرىپ.

كۆيلىرىڭدە بەخت شاتلىقى،
لەۋلىرىڭدە گۈلنىڭ تاتلىقى.

خوش پۇراقنى ئۇرۇپ دىماقتا،
ئۇندەيسەن بۇ دىلنى قوشاقتا.

تاغ شاملى غۇر - غۇر شوخ شامال،
ساڭا بۇندا يوقتۇر ھېچ قامال.

ئەركىن ئۇچقىن بۇ كەڭ ۋادىدا،
ھەرگىميانى سۆيۈپ دائىما.

مەنمۇ سەندەك بولۇپ قاناتلىق،
ھاياتىمنى ئۆتكۈزەي تاتلىق.

سۆيۈپ ئۆتەي تاغنى - چىمەننى،
سۆيۈپ ئۆتەي ئانا ۋەتەننى.

## خاتىمە

تاغقا ئامراق ئوغۇل مەن،
تاغدا يايرار يۈرىكىم.
تاغ قوينىدا قوزغالدى،
يۈكسەك غايە ـ تىلىكىم.

گۈزەل ۋەتەن تاغلىرى،
مەڭگۈ شۇنداق ياشنايدۇ.
كامال تېپىپ ئۆسمۈرلۈك،
چوققۇم ئاڭا ئوخشايدۇ.



## ياغقىن، قار!

قار، قار، ئاپئاق قار،
توختىماستىن ياغقىن قار.
دەل - دەرەخلەر شېخىغا
كۆمۈش چېچەك تاققىن قار.

قار، قار، ئاپئاق قار،
دەل ۋاقتىدا ياغقىن قار.
يېشىل بۇغداي مايسىنى
يوتقان بولۇپ ياپقىن قار.

قار، قار، ئاپئاق قار،
ئاق مامۇقتەك ياغقىن قار.
مولھوسۇللۇق كۈز ئۈچۈن،
سەنمۇ تۆھپە قاتقىن، قار.

كېيىپ يېڭى تۇماقنى،
مايلاپ راسا ئاياقنى.
توۋلاپ ئۈنلۈك قوشاقنى،
دائىم ئالغاچامدايمىز.
توختىماستىن ياغقىن، قار.

# قوشماق ئاداش بولدۇق بىز

ئېرىشتۇق بىر ئۆچكىدىن
قوشماق ئىككى مېغىزغا.
پەرھاد بىلەن ئىككىمىز،
بىردىن سالدۇق ئېغىزغا.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قوشۇلسۇن دەپ قەلبىمىز.
بەسلىشىشكە ئوقۇشتا،
پۈتۈلدى چىڭ ۋەدىمىز.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
يايراپ بەخت قوينىدا،
ياشايمىز شاد، خۇش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
ياخشى ئوقۇپ، ۋاقتىنى
ئۆتكۈزمەيمىز بوش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
قەلبىمىزمۇ قوش دائىم.
تىك چوققىغا ئۆرلەيمىز،
بولۇپ ئالتۇن قوش دائىم.

قوشماق ئاداش بولدۇق بىز،
ياشايمىز قوش مېغىزدەك.
ئىلىم - پەنگە ئىشقىمىز،
تاشقىنلايدۇ دېڭىزدەك.

1981 - يىل



# ئۇ نېمە؟

(شېئىرىي تېپىشماقلار)

1

شېكەر دېسە تاتلىق ئەمەس،
ئاق تۇز دېسە ئاچچىق ئەمەس.
قىشتا كۆكتىن چۈشىدۇ،
يازدا كۆزگە كۆرۈنمەس.

2

كۆزى بارۇ، قېشى يوق،
سۇدىن چىقسا جېنى يوق.
بوغۇزلىماي يېسەڭىز،
بولۇر ياخشى گۆش ئوزۇق.

3

بىر قارىسام مۇشۇكتەك،
يېقىن كەلسەم قۇش ئۆزى.
چاشقان تۇتۇپ كېچىسى،
ئۇخلايدۇ ئۇ كۈندۈزى.

4

ئۆزى ئىلمەك ھاسىدەك،
يەلپۈگۈچ بار بېشىدا.
نۇرغۇن تۇۋرۇك تىكلەكلىك،
ئۇنىڭ بوينى قېشىدا.

5

ئېغىزى كۆپ دوستۇمنىڭ،
قورسىقى بوش، قۇمۇش تەن.
يەل ماڭدۇرسام ئىچىگە،
ناخشا ئېيتار زەپ بەلەن.

6

ئالا يېشىل تونى بار،
قانغا تولغان قورسىقى،
قاپ ـ قارادۇر بالىلىرى
شۇنچە نۇرغۇن سانىقى.

7

ئۇستىمۇ ئورمان،
ئاستىمۇ ئورمان.

ئوتتۇرىدا قارا مارجان،
پىلدىرلاپ تۇرغان.

8

ئىككى دوست بار بەك ياخشى،
ئايرىلمايدۇ دائىما.
ئۇخلىغاندا ماكانى
بولار دائىم پەگادا.
ئۇلار بىللە ماڭىدۇ،
شوينىدا بەل تاڭىدۇ.

9

يۈزى بار، كۆزى يوق،
پۇتى بار، قولى يوق.
ماڭالمايدۇ ئۇ بىراق،
قېنى دوستۇم ئۇنى تاپ.

10

ئۆستۈرىدۇ ئانىسى،
ئۆز تېنىدە بالىنى.
شامال چىقسا بالىسى،
ئۇرۇپ كېتەر ئانىنى.

11

كىچىككىنە بىر باتۇر،
تۇلكە تۇماقلىق.
بېشىچىلاپ ماڭىدۇ،
بېلى باغلاقلىق.
ئەقلىڭ بولسا تاپ ئۇنى،
سەنمۇ يورغىلات ئۇنى.

12

ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى
تۇتۇشىدۇ بۇلاقتا.
تولغىنۇەتسەڭ بېشىنى،
تۇكۇرىدۇ يىراقتا،
غەلىتىلا نېمە بۇ،
ھەر كىشىگە كېرەك ئۇ.

13

بىر مۇشۇك بار جېنى يوق،
بىراق ئۆينى باقىدۇ.
قايتىپ كېلىپ ئىگىسى،
تومۇر قوزۇق قاقىدۇ.
قوزىقىمۇ خاس ئۇنىڭ،

ئۆزىگىلا ماس ئۇنىڭ.
تاپقىن بۇنى تېزلىكتە،
رولى چوڭقۇر راست ئۇنىڭ.

14

بىر قۇتا بار يۇمۇلاق،
ئىككى خىلدۇر سىياسى.
بۇزۇلمايدۇ چېگرىسى،
بولسىمۇ گەر ئارىسى.

15

بىر تېرەكنىڭ بېشىدا،
بەش تال شېخى بار.
ھەر بىر شاختا بىر تۇخۇم،
رەڭگى ئاپئاق قار.

## تات، تات، تات!

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ئېسىپ ئۇنى بوينۇمغا،
جەڭگە شۇدەم سالدىم ئات.

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ئانام دېدى: «ئۇنىڭدا،
شۇم ئېيىقنى چەنلەپ ئات».

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
باستىم ئاگا ئوق قىلىپ،
غەزىپىمنى قاتمۇ ـ قات.

كەلدى ئەنە: «ئېيىقلار»،
چىل بۆرىدەك چىرقىراپ.
تات ـ تات! قىلدىم تەگدى ئوق،
جان ئۈزۈشتى خىرقىراپ.

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەر
بولار ئۇزۇل ـ كېسىل مات.

تات ـ تاتات، تات ـ تاتات،
قولۇمدا بار ئاپتومات.
ۋەتەن ئېزىز ئانامدۇر،
ئاپتوماتىم گاڭ قانات.

كىچىككىمدىن شۇڭا مەن،
چوڭ ئىشلارنى ئويلايمەن.
كەلگۈسىدە ۋەتەننى،
چوقۇم شۇنداق قوغدايمەن.

1979 ـ يىل

# مەردلىك قىسسىسى

(باللادا)

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى روھىڭ سامان بولماس.
ـ خەلق ماقالى

1

گۇركىرەيدۇ شىددەتلىك بوران،
ئارغىماقتەك ئاتلار ئىزىدىن.
قىلىچلارنىڭ يالتىرىشىدەك،
ئوتلار چاقنار مەرتلەر كۆزىدىن.
نەرە تارتىپ كېلەر زور قوشۇن،
سەپ ئالدىدا غالىپ سەركەردە.
ئۆتكۈزۈلگەن ياۋنىڭ كاللىسى،
قولىدىكى پولات شەمشەرگە.
جەڭ ئوتىدا تاۋلانغان شۇتاپ،
سەركەردىنىڭ ئالمىدەك يۈزى.
ئاھۇ كۆزدە بۈركۈتچە نىگاھ،
(سۇمبۇل چاچلىق-ئايال ئۇ ئۆزى).

ياڭرىتىدۇ قوشۇن بىتمىنىم،
شاتلىق ئارا زەپەر كۈيىنى.
تەۋرىتىدۇ شاۋقۇنى ئۇنىڭ،
قان بوپ ئاققان ئامۇ[1]سۈيىنى:
«مەرتلىك بىلەن غالىپمىز مەڭگۈ،
بۇ مەرتلىكنى ئۆگەتكەن ۋەتەن.
ئانا ئەلگە خىزىس قىلسا كىم،
ئۆز بېشىنى يەيدۇ ئۇ جەزمەن!»
ئولتۇر ئوغلۇم، — ئۇندىدى بوۋام،
— سۆزلەپ بېرەي بۇ ھېكايىنى.
ۋەتەن سۆيۈش يولىدا سەنمۇ،
تىكلە شۇنداق ئۇلۇغ غايىنى...

2

نەچچە، نەچچە ئەسىر مۇقەددەم،
بىر ئايال شاھ ئۆتكەن بۇ يۇرتتا.
ئەلگە ئېلىپ كەلگەن سائادەت،
تەڭسىزلىكنى كۆيدۈرۈپ ئوتتا.
ئادالەت ۋە مەرتلىك بىلەن ئۇ،
تاپقانىدى ئالەمچە شۆھرەت.
خەلقى ئۇنى سۆيەتتى چەكسىز،
دۆلىتىمۇ تاپقانتى قۇدرەت.
بۇ ماكانىڭ غەربى چېتىدىن،

[1] دەريا ئىسمى

ئەزىم دەريا ئېقىپ ئۆتەتتى.
چىمەنزارلىق ۋادىسىدا ئەل،
قوي، يىلقىلار بېقىپ ئۆتەتتى.
قويلار سېمىز، خۇددى ئۆزىنى
كۆتىرەلمەي ھېرىپ كېتەتتى.
ئارغىماقتەك داڭدار ئاتلارنى
قوشنا ئەللەر ئېلىپ كېتەتتى.
چەكسىز كەتكەن ئېكىنزالاردا،
بوغداي، شالدىن ئالاتتى ھوسۇل.
پىپا، كونخوي چېلىپ دېھقانلار،
مۇقاملارغا ئوينايتتى ئۇسسۇل.
ئاچارچىلىق ھەمدە سېلىقتىن
قىلماس ئىدى قىلچە ئەندىشە.
ئاتلىرىغا تېگىشىپ گەزمال،
شايىدىن تون كىيگەن ھەمىشە.
بىناكارلىق تېپىپ ھەم روناق،
بىنا بولغان ئاجايىپ قەسىر.
راۋاقلارنىڭ نەقىش - زىننىتى
يۈرەكلەرنى قىلاتتى ئەسىر.
ئىجادكار خەلق قەلبىلىرىدە
چېچەك ئاچقان ئىلىم - مەرىپەت.
راۋاج تاپقان زامانغا لايىق
سودا - سېتىق، ھۈنەر ۋە سەنئەت.
ئۈزمە دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن
ئىجاد قىلغان سۈپىتە قەغەزنى.

شائىرلىرى ئەشئارلار يازغان،
ئوبراز بىلەن بېرىپ پەدەزنى.
چەكسىز بايلىق ئىدى بۇ ئەلگە،
قېزىپ پۈتمەس ئالتۇن كانلىرى.
رودىلاردىن پولات ئاققۇزغان،
قۇياش تەپتىلىك پىچ گۇلخانلىرى.
سوقار ئىدى ھۈنەرۋەنلىرى
نۇردىن ئۆتكۈر قىلىپ شەمشەرنى.
غىلاپىغا ھەمدە سېپىغا
نەقىش قىلىپ قوياتتى زەرنى.
ساۋۇت، قالقان، كەمەرلىرىمۇ
بېزىلەتتى ئالتۇن، كۈمۈشتە.
نەيزىلىرى ئىككى - ئۈچ غۇلاچ،
مۇھتاج ئىدى يولۋاستەك كۈچكە.
ئوۋ قىلاتتى پالۋانلار تاغدا،
يىرتقۇچ ئاڭا گويا ئىدى قۇل.
بوراندەك تېز ئۇچسا ئاتلىرى،
ئوقياسىمۇ تېگەتتى ئۇدۇل.
گۆشىنى يەپ، تېرىلىرىدە
بازارلارنى قىلاتتى ئاۋات.
ئەل قولىدا ئالتۇن تەڭگىلەر،
يىپەك، شايى ئىدى قاتمۇ - قات.
................
................
مەمۇرچىلىق، ئاسايىشلىقتا

شۇنچە قوۋناق ئۆتەتتى ھايات.
شاھ ھەم ئاۋام شات ئىدى، بولغاچ
دۆلەت كۈچلۈك، خەلقى باياشات.

3

داڭقى كەتكەچ بۇ ئەلنىڭ ھەريان،
چۈشەر ئىدى جاھان نىگاھى.
يات مەلئۇنلار، قارا نىيەتلەر
خىرىس قىلىپ كېلەتتى گاھى.
بۇ دۆلەتكە قوشنا بىر ئەلنىڭ
يالماۋۇز بىر شاھى بار ئىدى.
ئاجىزلارنى يالماپ تويمىغان،
قارنى گويا چەكسىز غار ئىدى.
ئۇ جاھاندا ئۆزىنى گويا
تەڭدىشى يوق غالىپ سېزەتتى.
ئايال شاھنىڭ گۈزەل يۇرتىغا
قورسىقىدا توڭگۇز كېزەتتى.
ئويلايتتى ئۇ، ئەتراپىمدىكى
تالاي يۇرتلار ئىلكىمگە ئۆتتى.
مەن - مەن دېگەن ئەركەكلەرمۇ ھەم،
تىغ ئالدىدا تىزىنى پۈكتى.
كىمكى ئەگەر تۇرسا تاقابىل،
رەھىم قىلماي ئىچتىم قېنىنى.
بويسۇنمىغاچ ئېرىنگمۇ شۇ چاغ،

ئالغانىدىم ئۇنىڭ جىننىنى.
قۇدرىتىمنى قىلىپ نامايان،
قىلاي يەنە غالىپ يۇرۇشنى.
ئالقىنىمغا ئالارمەن تەختىڭ،
ئىلكىڭدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى.
كۆزلىرىمدىن قانلار كەتكۈزگەن
ئاي جامالىڭ ماڭا مەنسۇپتۇر.
قۇچىقىمدا ئوينارسەن بىر كۈن،
ئېھ، بۇلاق كۆز، مېنى كۈتۈپ تۇر...
شۇنداق رەزىل شۇم نىيەت بىلەن،
باشلاپ نەچچە تۈمەن لەشكەرنى.
كېلىپ قالدى دەريا بويىغا،
مەغرۇرانە كۆزلەپ زەپەرنى.

4

ئايال شاھقا يېتىپ بۇ خەۋەر،
نەرە تارتتى غەزەپ دولقۇنى.
قانلىق جەڭگە قىلدى دالالەت،
تىغ تۇتقۇزۇپ قىساس يالقۇنى.
ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن ئېلىنى،
خەلقىنى ئۇ قىلدى سەپەرۋەر.
دېدى: «قاراپ تۇرالامدۇق بىز،
ئانا يەرگە كەلسە شۇم خەتەر.
بىرەلەمدۇق ياۋلارغا،

ئەزىم دەريا، ئالتۇن تاغلارنى.
تۆكۈپ قان ـ تەر، بېرىپ قۇربانلار
بىنا قىلغان گۈزەل باغلارنى.
بىز تۆرەلدۇق مۇشۇ تۇپراقتا،
ياشاپ كەلدۇق ئەۋلادتىن، ئەۋلاد.
تەقدىرىمىز شۇ ئالتۇن ديار،
ئۇ ئامانكى بىزمۇ ھەم ھايات.»
قۇدرەت تېپىپ شاھنىڭ سۆزىدىن،
ئەل غەزەپتە باغلىدى كەمەر.
تەييارلىدى ئېسىل پولاتتىن
كۆرمىگەن قالقان، نەيزە ۋە شەمشەر.
ئەللىكمىڭ ئەر ـ ئەللىكمىڭ ئايال،
پىداكار بوپ ئۇيۇشتى دەرھال.
ئايال شاھى بولدى سەركەردە،
مەرتلىكتە ئۇ تاپقاچقا كامال.
قوشۇن سەرخىل ـ ياراقلار تولۇق،
ئاتلار دۈلدۈل، ئەسكەر مەردانە.
چەبدەس بولۇپ شۇندا ئايال شاھ،
باسقۇنچىغا يوللىدى نامە:
«بىز تېچلىقنى سۆيىمىز، لېكىن،
قان ئىچمەكتۇر سېنىڭ نىيىتىڭ.
سەن بوغۇلغان قەرز ئازمىدى،
قانخور دېمەك سېنىڭكى ئېتىڭ.
ئېلىمىشقا تەييارمىز ھامان،

ئەمما مەرت بول، قىلما نامەرتلىك.
بىز ئۆتەيلى دەريادىن، ياكى،
سەن ئۆتسەڭ بىز بىرەيلى ئەپلىك.»
ئايال شاھنىڭ مەردانىلىقىدىن،
قوشۇنىنىڭ پەلۋانلىقىدىن.
بۇ تەڭداشسىز قۇدرەت ئالدىدا،
ئۆزىنىڭ بەك سەرسانلىقىدىن.
ئەجەل يۇراپ بۇرنىغا دەرھال،
باسقۇنچى ياۋ ئەيلىدى مىكىر.
يىگىپ چىقماق بولدى يەنىلا،
ئايال شاھقا ئىشلىتىپ سېھىر.
ئايال شاھنىڭ ئەلچىلىرىنى،
نامە ئېلىپ كەلگەن ئوغلىنى.
شاراپ بىلەن مەس قىلدى جاللات،
خۇپىيانە ئالدى جېنىنى.
پۇتۇن ئەل - يۇرت كەلدى غەزەپكە،
باسقۇنچىنىڭ بۇ شۇملىقىدىن.
شۇنداق قەسەم قىلدى ئايال شاھ،
مىلك ئۆرتىنىپ پەرزەنت دېغىدىن:
«ئەي، قانخۇمار، نەيرەڭلىرىڭدىن
ھوزۇرلىنىپ كەتمە ماختىنىپ.
مەككارلىقىڭ، نامەرتلىكىڭدىن،
قالالمايسەن ھېچقاچان تېنىپ.
مېنىڭ قەلبىم پەرزەنتلا ئەمەس،

ئەل - يۇرت ئۈچۈن كۆيۈپ يانىدۇ.
خەلقىم كۈچلۈك يولەكداش ماڭا،
ئارمانلىرىم چوقۇم قانىدۇ.
خەلقىم نامى، قۇياش نامىدا،
شۇنداق قەسەم بېرەي جاھانغا.
تەندىن جۇدا قىلىپ بېشىمنى،
سۇغۇرىمەن ئاخىرى قاندا.»
سەپ بېشىدا ئايال سەركەردە،
قوشۇن جەڭگە ئاتلىنىپ كەتتى.
مەرتلەر گويا ئېتىلدى شىردەك،
ياۋنىڭ بېلى قاتلىنىپ كەتتى.
سەپ ئالدىدا ئايال سەركەردە،
مەلئۇنلارنى بارىدۇ قوغلاپ.
قىلىچلاردىن چاقىدۇ چاقماق،
ياۋ كاللىسى چۈشەر دومىلاپ.
سەپ ئالدىدا ئايال سەركەردە،
ئۇ يېتىلگەن قەيسەر قوماندان.
رەقىپ بىلەن چۈشتى روبىرو،
غەزەپ كۈچى كۆتۈرۈپ ۋولقان.
....................
سەپ ئالدىدا غالىپ سەركەردە،
مەلئۇنلارنى بارىدۇ قوغلاپ.
لەشكەرلىرى كۆتۈرۈپ بوران،
يېڭى مارشىنى بارىدۇ توۋلاپ.

5

قايتتى مەردلەر يۇرتىغا ئامان،
باستۇرۇلدى ياۋنىڭ غەلۋىسى.
قىلدى خۇشال قوشنا ئەللەرنى،
ئايال شاھنىڭ بۈيۈك غەلبىسى.
سادىق بولۇپ يۇرتى ـ خەلقىگە،
قەسىمىگە قىلدى ئۇ ئەمەل.
قىلىپ جەڭدە ئەرلەرچە مەرتلىك،
رەقىبىگە يوللىدى ئەجەل.
ئەل ئالدىدا چىقىپ مۇنبەرگە،
شاھ سۆزىنى شۇنداق باشلىدى.
(شەمشىرىدىن ياۋنىڭ بېشىنى،
قانغا تولغان داسقا تاشلىدى):
«سەن ياشىغان ھاراملىق بىلەن،
قىن ـ قىنىڭغا سىڭگەن جىنايەت.
بىز غالىپمىز مەرتلىك بابىدا،
چۈنكى مەڭگۈ بىزنىڭ ئادالەت.
ئۆزلەۋزىمگە قىلىپ مەن ئەمەل،
بېشىڭ ئېلىپ سۇغاردىم قانغا.
يوقتۇر شۇنداق ياخشى ئاقىۋەت،
ئۆزگە ئەلگە خىرىس قىلغانغا.»
.....................

شۇندىن بۇيان بۇ ئەلنىڭ خەلقى،
بەخت ئىچىدە يايرىشىپ ئۆتتى.
ئۆز يۇرتىنى سۆيگەچكە جاندىن،
قۇياش دائىم قۇت نۇرىن تۆكتى...

ئېرىپ كەتتى جىسمىم سىماپتەك،
تۇگەتكەندە بوۋام قىسسىنى.
ئەجداتلارغا ھۆرمەت كەلكۈنى
دولقۇنلىتىپ ئېپ كەتتى مېنى.
بوۋام ئېيتقان بۇ ھېكايىنى،
ئېيتىپ كەلگەن ئەجداتلىرىمىز.
ئۇنىڭدىن كۈچ ـ قۇدرەت تاپىدۇ،
ئېيتىپ مەڭگۈ ئەۋلادلىرىمىز.

1983 ـ يىل